

1993

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2

XINJIANG CIVILIZATION



تېرىملىق كىشى (ماي بوياق رەسىم) پەرھات ئىبراھىم سىزغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

☆ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرى كۈنسايىن گۈللىنىپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى خېلى ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى يەنىمۇ بېيىدى ھەم ئۆستى. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرى ھەمدە ئارتىسلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. بۈلتۈر ئىلگىرى — كېيىن بولۇپ يەكەن بىلەن بېيجىڭدا جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە بىر قاتار پائالىيەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى، «ماناس»، «جاڭغىر» داستانى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بەش يىلدا 18 ھېكايە فىلىم، توققۇز تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەندى، 3558 كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، 31 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى دۆلەت ئىچىدە مۇكاپاتلاندى. 270 مىليون پارچە تۈرلۈك كىتاب نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا 95 مىليون كىتاب نەشر قىلىندى.

(ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نىڭ «ئۆتكەن بەش يىلغا نەزەر ۋە 1993 - يىللىق خىزمەتلەر» قىسمىدىن).

☆ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدا جەزمەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش لازىم. مەدەنىيەت، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە تارماقلىرى ئۆز ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي خىزمەت ئۈچۈن ئاكتىپ ھالدا خىزمەت قىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنى ساغلام، پايدىلىق بولغان مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىشى؛ خەلق ئارىسىدىكى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى؛ ھازىرقى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئاپپاراتلار تور - نۇقتىلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، چەت - ياقا، نامرات رايونلار ۋە چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ مەدەنىيەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىشى؛ مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش» كۈرىشىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشى؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە ئاسارە - ئەتىقىلەرنى قوغدىشى، تەزكىرە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى؛ چەت ئەل بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، خەلقئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

(ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نىڭ «بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ۋەزىپىلەر ۋە 1993 - يىللىق خىزمەتلەر» قىسمىدىن).

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
42 ـ يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1993 ـ يىل 2 ـ سان (ئومۇمىي 201 ـ سان)

# بۇستاندا

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ يېڭى باھارى ........................ قەييۇم تۇردى 3

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۆلۈك ـ تىرىك ئارىلىقىدا ............(پوۋېست)............ئابلا ئەخمىدى 10
يېپى ئۈزۈلمەس لەگلەك..........(داستان)............ قۇربان بارات 47

## مۇھاكىمە

يېپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئەللەت......... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 57

## [illegible]

ئەجدادلار ھېكمەتلىرىدىن .................................... 75

## مۇلاھىزە

مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا يېتەكلەيلى...... زۇنۇن باقى 78

مۇقاۋىدا: رەسىدە بولغان چاغلار (ماي بوياق رەسىم) ئەكبەر ئابدۇرېھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئابدۇشۇكۇر كېرىم (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، ساتتار توختى
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا تەھرىرى: قۇربان مامۇت






## - بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامىغا دائىر پائالىيەتكە مۇبارەك

قەييۇم تۇردى
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات -سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇقام ئەھلىنىڭ تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك كاتتا يىغىلىشى — جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا دائىر پائالىيەت ئۆتكەن يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەت پايتەخت بېيجىڭنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئىلمىي مۇھاكىمە، ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە ۋە مۇقام تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،



www.uyghurkitap.com

مەملىكىتىمىزدە. ئۇيغۇر مۇقامىنى ئاساسىي تېما قىلغان تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇقام پائالىيىتىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە پۇختا تەييارلىق قىلدى؛ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىغىننى باشتىن - ئاخىر قىزغىن قوللىدى، ئۇلىنىڭغا مەدەت بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنغا تەقدىم قىلدى؛ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شىئەن قاتارلىق شەھەرلەردىن كەلگەن ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق مۇقام تەتقىقاتىدىكى بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇردى. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تەكلىپ بويىچە كەلگەن ئالىملار ئۇيغۇر مۇقامى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئالدى بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ غەلىبىلىك، نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ۋە ئوبدان كاپالەت يارىتىپ بەردى.

ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ شەكىللىنىش، قېلىپلىشىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنبە - ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ھەم دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىغا باھا بەرگەن ۋە ئۇنى دەلىللىگەندە، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىشقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە، ئىلمىي ئۆلچەم - پرىنسىپ، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. دېموكراتىك روھ، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈمىدى بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى.

12 مۇقام — خەلق ياراتقان، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان چوڭ تىپتىكى قېلىپلاشقان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسى؛ ئەمگەكچان، ئىجادكار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى؛ شەرقنىڭ مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور قىممەتلىك بايلىق؛ ئېلىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان بىباھا گۆھەر. 12 مۇقام مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر گەۋدە قىلىپ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، چوڭقۇر مەنبە، ئۇزۇن ئېقىن، گۈزەل قۇرۇلما ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسىرى سۈپىتىدە بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە يۈكسەك شان - شۆھرەتكە ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ پارلاق.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىرلا جايدا، بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇزاق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. شىنجاڭ ئەزەلدىن دۇنياغا داڭلىق ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخ ئىزلىرىغا، پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە. تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، تارىم ۋادىسى ۋە تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى كۆچۈم مەھەللە - بوستانلىقلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى تۆرەلگەن ئانا زېمىن. قەدىمكى «كۇسەن

مۇزىكىسى»، «قەشقەر مۇزىكىسى»، «ئىدىقۇت مۇزىكىسى»، «ئىۋىرغول مۇزىكىسى»، «ئۇدۇن مۇزىكىسى» قاتارلىق مەشھۇر يۈرۈشلەشكەن كۈي - مۇزىكىلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە، ئېقىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزگە مەلۇم، «كۇسەن مۇزىكىسى» ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئەينى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقىلىپ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ياپونىيە، چاۋشيەن، ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى ئاجايىپ مۆجىزە دەپ ئاتاشمۇ بىكار گەپ ئەمەس ئىدى.

ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يوقىلىپ كېتىشكە يۈزلەنگەن بۇ قىممەتلىك، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، بۇ ئىشنى چىڭ تۇتتى. مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم مۇقامچىلارنى دەل ۋاقتىدا تېپىپ، بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ كەلگەن 12 مۇقامنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى، مۇقامشۇناسلار، تەتقىقاتچىلارنىڭ كوللېكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قېزىشى، توپلىشى، رەتلىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئارقىسىدا، 12 مۇقام يېڭىباشتىن جەۋلان قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

بىز بۇ يەردە شۇنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىزكى، مەيلى ئۆتكەن يىل 8 - ئايدا يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولسۇن ياكى بۇ قېتىم بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامىغا دائىر پائالىيەت بولسۇن، ئەمەلىيەتتە، ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىنىشى بولۇپ، 12 مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر 12 مۇقامى بويىچە خېلى زور ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى، تەتقىقات ئوبيېكتى، كۆلىمى، سەۋىيىسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بېيجىڭ ۋە يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن مۇقام پائالىيىتى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر «مۇقام باھارى» دەپ ئاتاشتى. مېنىڭچە، بۇنىڭدا ھەم مۇقام تەتقىقاتىدىكى نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئىپتىخارلىنىش، ھەم مۇقام تەتقىقاتىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىد، ھەم ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنىڭ بارلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

مېنىڭ قارىشىمچە، مۇقام تەتقىقاتىدىكى نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**بىرىنچى، تەتقىقاتتا مۇقام تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى مەركەز قىلىش مەسىلىسى**

بۇ قېتىمقى بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇھىم بىر مۇۋەپپەقىيىتى ئۇيغۇر

مۇقاملىرى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. ھەممىگە ئايانكى، بىز 12 مۇقامنى XVI ئەسىردىلا قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلانغان دېگەندە، ئۇنىڭ مەلىكە ئامانىنىسا ۋە مۇقام ئۇستازى قىدىرخانلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەمگىكى ۋە رىياسەتچىلىكىدە، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلغان، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى ۋە ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەم - قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن، ئەسلىدە تارقاق، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن 17 كۈي - مۇقام ئاساسىدا، «12 ئاي»غا، «12 ۋاقىت - 24 سائەت»كە، «365 كۈن»گە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەنلىكىنى، ھەر بىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن، ھەر بىر چوڭ قىسىمدىكى مۇزىكىلار مۇقىم، قانۇنىيەتلىك بولغان نازۇك ئىچكى رېتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەركىب تاپقۇزۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ مۇكەممەللىكى ۋە ئىلمىيلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ بىر ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە، كەشپىيات، ئەلۋەتتە.

ئەمدىكى گەپ شۇكى، مەلىكە ئامانىنىسا ۋە قىدىرخانلارنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، XVI ئەسىردە قېلىپلاشقان ئۇيغۇر مۇقاملىرى قائىدە بويىچە جەزمەن «12 مۇقام» («12 ئاي»)، «365 ئاھاڭ» («365 كۈن»)، ھەر بىر مۇقام «بىر ۋاقىت - ئىككى سائەت» (جەمئىي «24 سائەت») بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، بۇ شەرتلىك سانلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە توپلاپ رەتلەنگەن مۇقام ئاھاڭلىرى تېخى تولۇق ئەمەس. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 50 - يىللارنىڭ بېشىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېغىزىدىن نوتىغا چۈشۈرۈۋېلىنغان مۇقام ئاھاڭلىرى تەخمىنەن 240 ئەتراپىدا ئىكەن. ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە زور تىرىشچانلىق ئارقىسىدا خەلق ئارىسىدىن قېزىپ، رەتلەپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن مۇقام ئاھاڭلىرى 320 (ئەمەلىيەتتە، بەزى مۇقامشۇناسلارنىڭ دېيىشىچە 318). يەنە 45 ياكى 47 ئاھاڭنىڭ ئورنى بوش. شۇڭا، ئەسلىدە ھەر بىر مۇقام ئۈچۈن قانۇنىيەتلىك بولغان «بىر ۋاقىت - ئىككى سائەت»نىڭ تۇراقلىشىشىدا قىسمەن ئۇزۇن - قىسقىلىقتىن ئىبارەت بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، ئەسلى ئۆلچەم، قېلىپ جايىغا كەلتۈرۈلمىسە، تەبىئىيكى، مۇقامنىڭ ئۆزى مۇقامغا چۈشمىگەن بولىدۇ!

شۇڭا، مېنىڭچە، 12 مۇقام تەتقىقاتىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مۇھىم نۇقتىنى ئۇنىڭ ئىچكى بىرلىك قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يورۇتۇپ بېرىشكە، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىش لازىم. «مۇزىكا»دىن ئىبارەت مەركەز ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتى تۇتۇتۇلسىلا، داۋاملىق قېزىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كېمىنى تولۇقلاپ، قېلىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسى»لىق ھالىتىنى ساقلاپ، ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزگىلى، «ۋارىسلىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئۈستۈرۈشتىن» ئىبارەت مۇقام تەتقىقاتى فاكچېنىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، تەتقىقاتتا مۇكەممەل «ماتېرىيال»، ئىجادىيەتتە تولۇق «خام ئەشيا» ئاساسىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىلمىي يوسۇندا دەلىللەش مەسىلىسى**

بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق ئىلمىي تەتقىقات دەلىل، ئىسپات، پاكىتقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي روھقا موھتاج. يەنە كېلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنى، راست بىلەن يالغاننى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىقلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلقئارالىق سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ شەكىللىنىش، قېلىپلىشىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، ئېقىم - مەنبەلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدا، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقى توغرىسىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بەزى يېڭى ئىلمىي قاراشلارنى ئىپادىلىدى. ھەممىگە ئايانكى، ئىلگىرى، بىر مەزگىل يامراپ كەتكەن ئېغىر «سول» چىللىق پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، بەزى كىشىلەر 12 مۇقامنىڭ بەزى خاس نام، بۆلەك ئىسىملىرىغا ئەرەب، پارس تىل تەركىبلىرىنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملاشقان بەزى رېئال تەسىرلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا «12 مۇقام ئەرەب ياكى پارسلاردىن كەلگەنمىكىن» دېگەن گۇماندا بولغان، ھەتتا ئۇنى «فېئوداللىق ئەخلەت»كە چىقىرىۋەتكىلى تاس قالغانىدى. بۇنداق خاتا قاراشلار ئەينى ۋاقىتتا تۈزىتىلگەن، رەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى تەسىرلىرى يوق دېگىلى بولمايتتى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردىكى، يۇقىرىقىدەك خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى ۋە تارىخىي پاكىت ئاساسى يوق. ئەلۋەتتە، دۇنيادا مۇتلەق ساپ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، ھەرقايسى ئەل، خەلق، مىللەتلەر ئارىسىدا پايدىلىق ئالماشتۇرۇشلار، تەسىر كۆرسىتىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، نەزمە ۋە ئۇسۇللىرىدا روشەن مىللىي خاسلىق، ئۆزگىچىلىك، ئالاھىدىلىكنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. نۇرغۇن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر 12 مۇقامىنىڭ خاس ناملىرىدىن بەش مۇقامنىڭ نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى، بەزى مۇقام ۋە مۇقام بۆلەكلىرى ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر - ئەرەبچە ياكى ئۇيغۇر - پارسچە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئارىلاشما ناملار ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا دەلىللىدى. دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن كۈيلىرىنى «مەقەم»، «مۇقام» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئون نەچچە مىللەت، خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋارىسلىق قىلىۋاتقان مۇقاملارنىڭ سىستېمىسى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، ئۆلچەم - مىزانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن تامامەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

دېمەك، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي يوسۇندا دەلىللەش ئۈچۈن، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش، خەلقئارالىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، باشقا خەلق، مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرى

بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇقام تەتقىقا-تىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە.

**ئۈچىنچى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى سەھنىلەشتۈرۈش، سىمفونىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى**

ھەر بىر مۇقامنى بىر بەدىئىي سەنئەت ئەسىرى سۈپىتىدە سەھنىلەشتۈرۈش، ھەر بىر مۇقامنى كۆپ خىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش، سىمفونىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى بۇ قېتىمقى بېيجىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا كۆپلىگەن جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرى كۆڭۈل بۆلگەن بىر مەسىلە بولدى. «چەبىيات» مۇقامىنىڭ، جۈملىدىن بەزى مۇقام بۆلەكلىرىنىڭ سىمفونىيىلەشتۈرۈلۈپ «خەلق» سارىيىدا ئورۇندىلىشى بېيجىڭدا زىلزىلە پەيدا قىلغان چوڭ ۋەقە بولدى. كىشىلەر چىن قەلبىدىن ھاياجانلاندى، «قالتىس مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ئالقىش ياڭراتتى. مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش، سىمفونىيىلەشتۈرۈش يولىغا قاراپ مېڭىشنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكى ۋە مۇمكىنچىلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاندى. بەزى ئالىملار بۇ «12 مۇقامنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشنىڭ توغرا يولى» دېيىشتى. نەق مەيداندا بەزى چەت ئەل ئەلچىلىرى، مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى ھاياجانلىنىپ، سەھنىلەشتۈرۈلگەن مۇقام ۋە مۇقام سىمفونىيىلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سەھنىلىرىدىمۇ كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنىڭدىن، سەھنىلەشتۈرۈلگەن مۇقاملارنىڭ تەسىرلەندۈرۈش، ئىستېتىك زوق بېغىشلاش رولىغا تېخىمۇ باي بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، مۇقامنىڭ ئۆزى ئەزەلدىن سەھنە ئويۇنى، چۈنكى ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئورۇندىغۇچى ۋە كۆرۈپ بەھرىلەنگۈچى بولىدۇ. ھەر بىر مۇقامنىڭ ئۆزى بىر سىمفونىيە، چۈنكى ئۇ كۆپ خىل ئاھاڭ - رىتىملاردىن تەركىب تاپقان، يۇرۇشلەشكەن مۇزىكا. مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش، سىمفونىيىلەشتۈرۈش مۇقامنى باشقىدىن ياساپ قۇراشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئورۇنداش سەنئىتى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى — زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «چەبىيات» مۇقامىنىڭ بىر نادىر سەھنە ئەسىرى سۈپىتىدە غەلىبىلىك سەھنىلەشتۈرۈلۈپ دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە غايەت زور ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى كۆپ يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش-نىڭ نەتىجىسى، چوڭ مۇۋەپپەقىيەت، ئۈلگە.

ئەمدى، مۇقامنى سىمفونىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدا تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر بار. ئالدى بىلەن، مۇقامنى قانداق چالغۇ ئەس-ۋابلارغا تايىنىپ سىمفونىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى بار. بېيجىڭدا ئورۇندالغان مۇقام سىمفو-نىيىسى ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بەزى مۇقام سىمفونىيىلىرىدە روشەن مۇقام پۇرىقى نامايان بولدى، بەزىلىرىدە ئانچە ئەمەس. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مول ۋە كۆپ خىل. مېنىڭچە، مۇقاملارنى سىمفونىيىلەشتۈرگەندە، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئاساس قىلىش، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر ۋە تامامەن مۇم-كىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارالىق بەزى مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىنمۇ مۇۋاپىق پايدى-لىنىش لازىم. نەچچە ئون چوڭ - كىچىك ئىسكرىپكىنى تىزىپ قويغاندىن كۆرە، شۇ ئىسكرىپكىلاردىن بەزىلىرىنىڭ رولىنى ئادا قىلالايدىغان مىللىي مۇزىكىلارنى ئىشقا سالغاندا، بىرىنچىدىن، مۇقامنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» مەقسىتىگە ئوخشاشلا يەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇقام پۇراقلىرى روشەن نامايان بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مىللىي مۇزىكىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ئۇنىڭغا يول ئاچقىلى بولىدۇ. بۇنى مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆتىنچى، يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى**

12 مۇقام ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپچىلىككە مەلۇم بولغان دولان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى، ئىلى مۇقامى قاتارلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا، مۇئەييەن خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مۇقاملارمۇ بار. بۇ مۇقاملارمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىمۇ ئوخشاشلا ۋاقتىدا تۇتۇش قىلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشىر قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

يەرلىك مۇقاملار بىر تەرەپتىن ئۆز بايلىقىنىڭ مۇئەييەن بىلەن 12 مۇقامدىكى بۇشلۇقلارنى تولدۇرۇشتىكى مەنبەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزگىچىلىكى، خاسلىقى ۋە ئالاھىدە ئۇسلۇبى بىلەن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن، مۇكەممەللەشكەن، خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا، يەرلىك مۇقاملار تەتقىقاتىنىمۇ 12 مۇقام تەتقىقاتىغا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈپ چىقىشىمىز، ئۇنى يېڭىباشتىن جەۋلان قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىكى رولىنى جەزمەن ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكارلار مۇكاپاتلاندى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىكتە ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن 20 نەپەر مۇقامشۇناس ۋە خەلق سەنئەتكارىنى مۇكاپاتلىدى.

بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغانلار ئىچىدە ھۇسەنجان جامى، ۋەن تۇڭشۇ، ئىمەتجان ئەھمىدى قاتارلىق ئون نەپەر مۇقامشۇناس، پىچان ناھىيىسىدىن كەلگەن پېشقەدەم خەلق مۇقامچىسى شېرىپئاخۇن قاتارلىق ئون نەپەر خەلق سەنئەتچىسى بار. ئۇلارغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەردى.

**ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن**





# ئۆلۈك - تىرىك ئارىلىقىدا



(پوۋېست)

ئابلا ئەخمىدى

مەن ئۆلۈۋاتىمەن. جىبرەئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق ۋەھيي قىلدى: «ئەي پاسىق، بىلگىنكى، يەتتە كۈننىڭ بىرىدە ئۆلىسەن! خۇدا ئالدىدا، بەندە ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھى سەغىر، گۇناھى كەبىرلىرىڭگە تەۋا-ئىستىغبار ئېيتىپ، ئەزرائىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈت!!!»

بىلدىم: مەنلا ئەمەس، شاھىنشاھلاردىن تارتىپ قەلەندەرگىچە، شىرى غەررانىدىن قۇرت - قۇمۇرسقىغىچە ھەممىسى ئۆلىدۇ. بۇنى ئۇلۇغ سۇبھانۇۋەتائالا رەۋزى مىساقتىلا شۇنداق پۈتكەن ... ئەمما، باشقىلار قانداق جان تەسلىم قىلغان؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. ئۆزۈمنىڭ قانداق جان بېرىشىمنى ئويلىسام، «يارالمىسامىدۇ بوپتىكەن» دەپ قالىمەن. ئەزرائىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتماق بەكمۇ تەس ئىكەن!

گەپنى باشتىن باشلاي: بىر قېتىملىق كاتتا ئولتۇرۇشتىن كېيىن، بىر ئۇخلاپ ئويغانسام، بىر پۈتۈم مىدىرلىماس بولۇپ قاپتۇ. پىكاپقا بېسىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى.

دوختۇرلار: مېڭە قان تومۇرىنىڭ تۇسۇ-
لۇپ قېلىشى، دەپ دىئاگنوز قويىدى - دە،
بىر مەزگىل داۋالاپ بېقىپ، ئايروپىلان بى-
لەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. مەن بارمىغان
بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى كاتتا دوختۇرخانى-
لار، مەن كۆرۈنمىگەن مەشھۇر دوختۇرلار
قالمىدى. مىنىستىرلار، ئۆلكە باشلىقلىرىنى
داۋالايدىغان دوختۇرلارمۇ مېنىڭ غېمىمنى
يېيىشتى. بەختىم بار ئىكەن، يېرىم يىلدا
ئاياغقا تۇردۇم. بىراق، خىزمەتكە چۈشۈپ
ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يىقىلدىم. ئەمدى دىئاگ-
نوزۇممۇ ھەر خىل بولدى:

دوختۇرلار: ئۆپكە مەنبەلىك يۈرەك كېسە-
لىگە قەنت سىيىش كېسەللىكىنىڭ قوشۇلۇپ
كېلىشى، دېدى.

تەقۋادار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم: كۆز
تېگىپتۇ، دېيىشتى.

داخانغا كۆرۈنسەم (جان تۇمشۇققا كەل-
گەندە، ئادەم «پارتىيىۋىلىك»، «رەھبىرىي
كادىرلىق سالاھىيەت» دېگەنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ
قالىدىكەن): بىر كىم قەست قىپتۇ!... دېدى.

ئاناڭنى! ... شەرىئەت، تەرىقەت، تىبابەت
دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندىم. بىر
كۈن ئىشخانىدا بولسام، ئون كۈن ئۆيدە
ياكى دوختۇرخانىدا بولدۇم. يوقلايدىغانلار-
نىڭ تولىلىقى، سوۋغا - سالامنىڭ كۆپلۈ-
كى كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى...

ئۈچ يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.بىراق
ئۈچ ئاي بولدى، مېنى خوتۇن - باللىرىم-
دىن بۆلەك ھېچكىم يوقلىمايدۇ. سوۋغا -
سالاملارنىمۇ يەر يۇتتى. بۇ شۇنداق جاھان
ئىكەن: يامىشىپ - يامىشىپ، مەلۇم پەللە-
گە يەتكەندە، پۇت - قولنىڭ ماغدۇرى كې-
تىپ، بىراقلا يىقىلىدىغان گەپ ئىكەن!...
مېنى كېسەل يىقىتقانىدى، ھۆكۈمەت پېن-
سىيىگە چىقىرىپ مەنسەپتىن يىقىتتى. ھېچ
ئورنۇمدىن قوپالمايمەن! قارىغاندا، ماڭا
ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن بۆلەك چارە يوق تۇرىدۇ.

«جېنىم قانداق چىقار؟ ئەزرائىل قايسى
سۈرەتلىك كېلىپ، جېنىمنى قانداق ئالار؟»

ئۈچ كۈندىن بېرى كاللامدا مۇشۇ بىرلا
خىيال. ئادەملەرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.
يوتقانغا بېشىمنى پۈركەپ، پۇشۇقۇنۇپ يىغ-
لىغىنىم يىغلىغان. كۆز يېشىمنى ھېچكىمگە
كۆرسەتمەيمەن (بەلكى خۇدا كۆرۈۋىدىغاندۇ؟!)
جېنىم ئىچىمدە چىپىپلا يۈرىدۇ. جېنىم
ئاغزىمدىن چىقارمۇ ياكى بۇرنۇمدىن؟

قولىقىمغا بىر داقا - دۇمباقنىڭ ساداسى
كەلدى، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ، يىراق -
يىراقلارغا تىككەنىدىم، ئاجايىپ گۈزەل
بىر مەنزىرىنى كۆردۈم.

«جەننەت مۇشۇنداق بولامدىكىنە؟»

چوقۇم شۇ! قاراڭ، ئەنە ئاۋۇ رەڭگارەڭ
گۈللەرگە تولغان، خۇشناۋا قۇشلار تىنماي
شوخ ناۋا قىلىشىۋاتقان ھەشەمەتلىك باغنى!
تېخى ئاۋۇ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ،
قىقاس - سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقان ھۆرلەر-
چۇ! ئۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق، بىر-
بىرىدىن خۇش پىچىم. ۋۇجۇدىدىن مۇشك-
ئەنبەر ھىدى كېلىدۇ. چىرايىدا تەبەسسۇم.

يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. كۆڭلۈم «ۋاللىدە»
يورۇپ، ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:
«خۇدا مېنىڭ يورۇق دۇنيادا كىشىلەرگە
قىلغان ياخشىلىقلىرىم، ساۋابلىق ئىشلىرىم-
نى نەزەرگە ئېلىپ، ماڭا كۆز ئۇچۇمچە
جەننەت ھۆرلىرىنى تاماشا قىلدۇرۇۋېتىپتۇ -
دە! ئەنە ئاۋۇ ھۆرلەرنىڭ ھەر قاندىقى مېنىڭ
ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن، ئاغزى بېسىل-
ماي ۋاتىلداپ تۇرىدىغان كاسكاس، بېشىم
خوتۇنۇمدىن مىڭھەسسە گۈزەل،لاتاپەتلىك
ئەمەسمۇ!؟ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنېمىدېگەن
ھوزۇر - ھە! ... مۇبادا ئەزرائىل ئاشۇ ھۆر-
لەردىن بىرەرسىنىڭ سۈرىتىدە ئالدىمغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ: «جېنىڭنى بەر!» دەيدىغان بولسا، مىڭ جېنىم بولسىمۇ «مانا» دەپ بېرىۋېتەرمىنا! ئۇ چاغدا، خۇددى توي كېچىسى مەشۇقۇمنىڭ مەڭزىگە مەڭزىمنى يېقىپ، كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمچە چاچكىغىچە ھېچنىمىنى تۇيىماي راھەتلىنىپ ئۇخلاپ كەتكەندەك، ھېچقانداق ئازاب تارتمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلمامدىمەن!؟ خۇشاللىقتىن قوللىرىمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم، — ئەي كەرىمى كەڭ، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا، بۇ ئاجىز قۇلۇڭغا ئاتا قىلغان رەھىم شەپقىتىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي!...»

نېمە بىلەي، ئاللاغا قىلىنىۋاتقان مۇناجىتىم ئۈزۈلمەستىنلا، ھۇرلەر قاياققىدۇر غايىب بولۇپ، غەلىتە بىر مەخلۇق كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى-دە، مېنى غەزەپ بىلەن سوراققا تارتىپ كەتتى:

— ھوي گۆرىدىن توڭگۇز قوپۇدىغان دەيۈز! مېنى تونۇدىڭمۇ؟

قورققىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ، تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالدى. چەكچەيگەن كۆزلىرىم ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ھېچبىر ئەزايىمنى مىدىرلىتالمايتتىم...

ئۇ ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— گەپ قىل دەيمەن! تونۇدۇڭمۇ - تونۇمىدىڭمۇ؟...

— تونۇمىدىم...

بۇ جاۋاب ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەننى تۇيمايلا قاپتىمەن، ھېلىقى مەخلۇقنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوت گويا ئىككى تال ئوتلۇق ئوشكىنىڭ تىغىدەك ئۇدۇللا كۆزلىرىم ئارقىلىق يۈرىكىمگە قادالدى. دوزاخنىڭ ئوتى مۇشۇنداق بولامدىكىن - تاڭ، يۈرىكىم كاۋابداندىكى گۆشتەك «ۋىژژىدە» قۇرۇلۇپ، ئاغزىمدىن يوگۇرۇپ چىقتى. ئۇ شۇنداق قارا، شۇنداق بەتبۇي ئىدىكى، دىمىقىم ئۆرتىلىپ كەتتى. «ئىتنىڭ يۈرىكى ھەم قارا، ھەم بەتبۇي بولارمىش» دەپ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، قەسەم ئىچىمەنكى، مېنىڭ يۈرىكىم ھەر قانداق ئىتنىڭكىدىنمۇ مىڭ ھەسسە قارا ۋە بەتبۇي ئىكەن! نېمىشقا؟ بۇنى خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە، مەن نېمە بىلەي. بەلكى جىمى ئادەمنىڭ مۇشۇنداقتۇر؟

«ئاھ...بۇ نېمە ئىش؟»

يۈرىكىمدە بىرەر مىڭ چايان، بىرەر مىڭ يىلان، بىرەر مىڭ ... (بولار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ساناپ يۈرمەي!) مەن بۇ چاغقىچە كۆرگەن ياكى كۆرۈپمۇ باقمىغان خىلمۇخىل، بىر-بىرىدىن زەھەرلىك، بىر - بىرىدىن ئىپلاس مەخلۇقلار بەزمە قۇرۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. قورققىنىمدىن، قاراۋېرىشكە تاقىتىم قالماي كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. لېكىن، ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بايىقىدىنمۇ غەزەپلىك، بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئىككى دانە غايىب قول ئاپىرىدە بولدى - دە، كۆزلىرىمنىڭ جىيەكلىرىدىن تۇتۇپ كۈچەپ قايرىغانىدى، كۆزلىرىمنىڭ قارىچۇقلىرى چاناقلىرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پېشانەمدە توختىدى. شۇ چاغدا كۆردۈمدىكى، ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغىنى ئورۇقلۇقىدىن ئەرۋاھغىلا ئوخشاپ قالغان ۋىجىككىنە موماي ئىدى. بېشىغا ئارتىۋالغان ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئاق داكا سارىغۇچنىڭ يىرتىقلىرىدىن غىۋىدەك ئاقارغان شالاڭ چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىيسىق كۆزلىرى ئۆلۈكنىڭ كۆزلىرىدەك خۇنسىز ۋە نۇرسىز ئىدى. يۈزىدىكى قورۇقلارنى ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىلغار تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەنمۇ ساناپ چىققىلى بولمايتتى. ئۈستىبېشىنىڭ كونىلىقىدىن بەدىنىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگىلا ئوخشاش

جانسىز، ئەگرى - دوناي تاياقتا تايىنىپ
ئۆزىنى هازىرلا يەرگە ئاتماقچى بولۇۋاتقان-
دەك، گەۋدىسىنى ئالدىغا توقسان گىرادۇس
ئېگىپ، قوناق شېخىدەك ئاجىز، ماغدۇرسىز
پۇتلىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، ئىككى
يېنىغا سەنتۈرۈلگىنىچە مەن تەرەپكە دېۋەي-
لەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەنسې-
رى، ئەندىشەم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.
هەر قانچە غادىيىۋالاي دەپ تىرىشساممۇ،
گەۋدەم ئۆزۈمگە بويسۇنماي داۋاملىق ئال-
دىغا ئېگىلىشكە باشلىدى. ئېگىلىۋېرىپ،
قىسماققىلا ئوخشاپ قالدى. كۆزلىرىم تۆ-
ۋەندىن يۇقىرىغا قارايتتى. بۇنداق قاراش
ماڭا ئەقىل بەرگەندەك بولدى:

«تونۇشلا بىر چىرايغۇ! ... ئۇ كىم؟ مەن
ئۇنى قاچان، قەيەردە كۆرگەن؟ ئۇ بۇ يەر-
گە نېمىدەپ كەلدى؟»

هە، ئېسىمگە ئالدىم: ئۇنى مەن بۇنىڭ-
دىن 21 يىل بۇرۇن، ئۆز ئىشخانامدا كۆر-
گەن. كۆرگەندىمۇ بىر قېتىم ئەمەس، ئۇن
قېتىملاپ كۆرگەن. ئىسمى ئايزىمخان، تاقى-
چى كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىگە - چاقى-
سىز تۇل خوتۇن. ئۇنىڭ سەيدىن ئىسىم-
لىك بىرلا ئوغلى بولۇپ، شىنجاڭ داشۆنى-
ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن،
«M» ناهىيىسىنىڭ ئەڭ چەت يېزىلىرىنىڭ
بىرىگە «چېنىقىش»قا چۈشۈرۈلگەن. كېيىن-
چە شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا
تەقسىملەنگەن. ئايزىمخان بۇ خەۋەرنى ئاڭ-
لاپلا، ئىزدەپ - سوراپ مېنى تاپتى. قولىدا
ئاهالە كومىتېتى ۋە كوچا باشقارمىلىرىنىڭ
نەچچە پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى بار ئىكەن.
بۇ تونۇشتۇرۇشلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن
مۇنداق ئىدى:

«تەۋەيىمىزدىن ‹بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە›
ئايزىمخان خۇدايارغا بۇ چاققىچە بەلگىلىمە
بويىچە ئايمۇئاي قوتقۇزۇش پۇلى ۋە قۇت-
قۇزۇش بۇيۇملىرى بېرىپ كېلىۋاتقان ئىدۇق.
يالغۇز ئوغلى سەيدىن خىزمەتكە چىققاندىن
كېيىن، قۇتقۇزۇش بېرىشنى توختاتتۇق.
گەرچە ئوغلى پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا
قىلىپ، ئانىسىنى ئاچ - توق قالدۇرمايۋات-
قان بولسىمۇ، ئايزىمخاننى كېسەل چىرمى-
ۋېلىپ، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ هاجىتىدىن چىقال-
مايدىغان بولۇپ قالدى. كۈندۈزى تامىقى-
نى قوشنىلار ئېتىپ بېرىدۇ. كېچىلىرى تا-
سادىپىي ئەهۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر ئايالنى ئۇنىڭغا
هەمراھ قىلىپ ياتقۇزۇۋاتىمىز. بىراق، بۇ
ئۇسۇل بىلەن هەممە مەسىلىنى هەل قىلىپ
كەتكىلى، ئايزىمخاننى ئۇزۇل - كېسەل
خاتىرجەم قىلغىلى بولمايدىكەن.

شۇڭا، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئايزىم-
خاننى ئوغلى سەيدىن بىلەن جەم قىلىش
زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلىپ، ئەهۋالنى ئىنكاس
قىلدۇق. پارتىيىنىڭ ئاجىزلارغا يار - يۆلەك
بولۇش سىياسىتىنىڭ روهى بويىچە ئانا -
بالىنىڭ بىر جايدا بولۇشىغا رەهبەرلىك قى-
لىنسا...»

مەنغۇ ئۇنچىۋالا باغرى يۇمشاق ئادەملەر-
دىن ئەمەس. لېكىن بۇ مومايىنىڭ بىچارە
قىياپىتى ۋە كوچا باشقارمىسىنىڭ ئۇنىڭ
ئەمەلىي ئەهۋالى توغرىسىدا يازغان ئىسپا-
تىنى كۆرۈپلا يۈرىكىم شامدەك ئېرىپ، مو-
مايغا بولغان هېسداشلىقىم دەرهال چىرا-
يىمغا تەپچىدى. لۆم - لۆم ئورۇندۇققا
قاڭتايغىنىمچە، مومايغا بىر هازا ئۈن -
تىنسىز تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ-
غا قانچە تىكىلگەنسېرى، هېسداشلىقىم
شۇنچە بەك قوزغىلاتتى. ئىچ - ئىچىمدىن
«ئۇھ» چىقاتتى. ئۇنىڭ تېخىچە ئىشىك
تۈۋىدە هاسىسىغا تايىنىپ، مېنىڭ بىر نەر-
سە دېيىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ
تۇرغىنىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا

تەكلىپ قىلماقچى، ئاندىن ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈدىغان گەپلەردىن بىر نەچچە ئېغىز قىلىپ، ئۇنى «نېمىشقىمۇ بالدۇراق مۇشۇ باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلمىگەن بولغىيتتىم؟» دېگەن ئويغا كەلتۈرمەكچى؛ ئاخىرىدا، ئالاقە ئۈستىگە تەستىق يېزىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدۇم. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا نېمىشقىدۇر ئاغزىمدىن باشقا گەپ چىقتى:

— ئاچا، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئاتمىش تۆت ياشقا كىردىم،زاچۇجاڭ.

64 ياش — كىچىك ياش ئەمەس. دادام 44 ياشتا، ئانام 34 ياشتا يەرلىكىدە ياتقان. بۇ موماي تېخىچە ياشاۋېتىپتۇ.نامرات بولسىمۇ، يالغۇز بولسىمۇ هايات ياشاۋېتىپتۇ.ئانام بىلەن دادام ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ھۆكۈمەت پۇقرانىڭ غېمىنى يېمەيتتى. ئانامنىڭ كىملىكى، قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيمەن؛ دادام ئاغرىپ يېتىپ قالغان چاغدا، داۋالىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قورسىقى تويغۇدەك ئۇماچمۇ كۆرمەي ئاچ - زېرىنلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن!... مانا بۇ موماي پارتىينىڭ غەمخورلۇقى بىلەن قەدىرئەھۋال كۆرۈۋېتىپتۇ. قارىغاندا، ئەس - ھۇشىمۇ جايىدا ئوخشايدۇ: مېنى «زاچۇجاڭ» دەپ ئاتىغىنىنى كۆرمەمسىز! مەن سۆيۈنۈپ كەتكىنىمدىن مومايدىن نېمىنىدۇر سورىماقچى بولدۇمىيۇ، سورىمىدىم. چۈنكى يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن ماشىنا تەييار بولاتتى. بىر دوستۇمنىڭكىگە باغ سەيلىسىگە چىقاتتۇق. ئالدىرىمسام بولمايتتى. قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ، ئالاقىنىڭ بىر بۇرجىكىگە: «مەزكۇرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، دەرھال ھەل قىلىنسۇن!» دەپ يازماقچى بولدۇمىيۇ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «مەزكۇرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئويلىنىپ بېقىشقا بولىدۇ. ئوغلىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە خىزمەت ئىپادىسى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈلسۇن! يۆتكەش مەسىلىسى ئەھۋالغا قاراپ بىرتەرەپ قىلىنسۇن!» دەپ يازدىم - دە، مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ياندىكى ئىشخانىغا كىرىڭ! — دېدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئىشخانىدىن چىقىپ، ئىشىكنى قولۇپلىدىم.

بۇ ئىش شۇنداق بولدى ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى!

«نېمە ئۈچۈن» دەمسىز؟

شۇ كۈنلەردە بىر مۇئاۋىن ۋالىي، ئىككى باشقارما باشلىقى، بەش ئىدارە باشلىقى ۋە يەتتە - سەككىز ئۇرۇق - تۇغقىنىمنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ھەرقايسى ناھىيىلەردە «چېنىقىۋالاتتى». ئۇلارنى يۆتكەپ كەلمەي تۇرۇپ، خاتىرجەم ئۇخلىغىلى بولمايتتى. ماڭا ئەزرائىلدەك قادىلىۋالغان بۇ ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئاچكۆز، بىر - بىرىدىن تاش يۈرەك ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلگۈدەك ئۆچ. ئۇلارغا ئۆچ بولغىنىم ئۈچۈنلا خۇدايىم مېنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ قويغان. تېخى ماڭا ئۆزۈمگە لايىق ئەمەلمۇ بەرگەن. ئەمەل — مېنىڭ جېنىم، تاج - دۆلىتىم. ئەمەلدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىنىڭ ئەڭ ئوبدان چارىسى — ئۆزۈمدىن كاتتىلارنىڭ ئاغزىدىن نېمە چىقسا، شۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈش؛ قولىنى نەگە شىلتىسا، شۇ يەرگە قانات ياساپ ئۇچۇش. شۇنداق ئىكەن، ئايىزىمخانىدەك تۇل خوتۇننىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن نېمە كارىم!؟

ئەمەل توغرۇلۇق گەپ ئاچقان ئىكەنمەن، يىراقتىنراق سۆزلىمەي بولمايدۇ: بوۋام مەزىن، دادام جارچىكەش ئىكەن. ئېسىمنى بىلسەم، مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنمىز. ئۆيىمىزدە ئەڭ كۆپ نەرسە ئۇشرىق ئىكەن. مەن تولا چېقىۋېتەتتىم. بۇنىڭغا دادام خاپا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇنى پۇلغا ئالمايتتۇق. مەھەللىمىزدە ئۆلۈم - يېتىم

بولۇپ تۇراتتى. بىر ئادەم ئۆلسە،مېيىت يۇيۇشقا ئىشلىتىلگەن بىر جۈپ يېڭى ئىشۆرىق مەسچىتكە قالاتتى. مەسچىتتىن چوڭراق لەپ چىقمىغاچقىمۇ، دادام ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆيگە بىرەر ئىشۆرىقنى كۆتۈرگەچ كېلەتتى. شۇڭا دادامنىڭ لەقىمى «ئىشۆرىق» بولۇپ قالغانىكەن. دادام ئۆلگەن چاغدا، ماڭا مىراس قالغان نەرسە ئۇنىڭ لەقىمى بىلەن بىر مۇنچە ئىشۆرىق بولدى. ئىشۆرىقنى يېگىلى بولمايدىكەن. ئاچلىقتىن كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، ھۆكۈمەت مېنى دارىلئېتامغا ئەكىرىپ قويدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ياتاق، تامىقىم ھۆكۈمەتتىن بولدى. 18 يېشىمدا خىزمەتكە چىقتىم. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىدە قارا خىزمەتچى بولدۇم (كېيىن بىلسەم، بۇ سىناق باسقۇچى ئىكەن). ئەتىگىنى ھەممە خەقتىن ئىككى سائەت بالدۇر كېلىپ، ئىشخانىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلايمەن، مەشلەرنىڭ كۈلىنى ئېلىپ ئوت قالايمەن، چاي تۇشۇيمەن. ئاندىن تاكى كەچ كىرگىچە يۈگۈر - يېتىمدىن كاسام يەر يىلدىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم خۇش. چۈنكى مەن ھەرئايدا 30 كوي مائاش ئالىمەن - دە!

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشلىقىمىز شوپۇر بىلەن مېنى بازاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. پىكاپقا چىقىش بىلەنلا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۆزۈم ئىلىنسىلا پىكاپ چۈشەيمەن. ئىچىمنى ئادىتىپ، بەزى چاغلاردا باشلىقلارنىڭ ئىت - مۈشۈكلىرىگىچە پىكاپقا چىقىۋېلىشىنى دېمەمسىز تېخى! ماڭا ئايانكى: پادىشاھنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى، ئەمەلدارنىڭ ھارۋا - مەپە، پىكاپتا ئولتۇرۇشى، ئايرو پىلاندا ئۇچۇشى — ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىش. لېكىن ھەدېسە «باي، كەمبەغەلنى تەڭ قىلىمىز» دەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ، ئوخشاشلا ئەمەلدارنىڭ ئېلىنىۋاتقان تىرنىقىمۇ پۇقرانىڭ بېشىدىن يوغان بولىدىكەن. دادامنىڭ: «خۇدايىم ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنى لايدىن ياسىغان. ھەممىمىز شۇلارنىڭ پۇشتى. ئادەملەر چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىلغىنى بىلەن، خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممىسى باراۋەر» دېگەنلىرىنىڭمۇ راست - يالغانلىقىنى ئويلىنىپ باقماي بولمايدىكەن!...

مەن بارا - بارا ئورنى ئۆزۈمدىن سەللا يۇقىرى ئادەمنى كۆرسەم خۇيۇم تۇتىدىغان؛ ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، يېيىش - ئىچىشلىرىگىچە سەپسالىدىغان بولدۇم؛ كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ ھەر بىر بۇيرۇق - تاپشۇرۇقلىرىنى خۇشال - خۇرام قوبۇل قىلىۋاتقاندەك، بىجانىدىل ئىجرا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسەممۇ، ئىچىمدە ئۇلارنى قاغايتتىم. ئۇلارنىڭ بىرەر بالا - قازاغا يولۇقۇپ،ماڭا ئوخشاش بىچارە—جاپاكەش بولۇپ قېلىشىنى، ھەتتا قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن جېنىدىن جۇدا بولۇشىنى تىلەيتتىم. قىسقىسى، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتىم!...

كۈتكىنىمگە يارىشا، قورسىقىمنى بوشىتىۋالغۇدەك پەيتمۇ كېلىپ قالدى: «ئېچىلىش — سايراش» ئاخىرلىشىپ، «ئىستىل تۈزىتىش» كۈرىشى باشلىنىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە، تام - تورۇسمۇ سۆزلىگىلى تاس قالدى (بۇ چاغدا مەن رەسمىي كادىر بولۇپ قالغانىدىم). پەقەت مەنلا خېلى كۈنلەرگىچە ئاغزىمغا «قۇلۇپ سېلىپ» يۈردۈم. ئەمما، ئىسمىسىز چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، بەزىلەرنىڭ تۇتسا سېپى بار مەسىلىلىرىدىن بىر قانچىنى پاش قىلدىم. ئۇلارمۇ دەرھال ئىنقىرار قىلدى، بۇ مېنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. يۈرىكىمنىمۇ يوغىناتتى. تىلىم تازا

ئۇزارغانىدى،ۋالىيلارغىمۇ تەمتىرىمەي «مۇشت» ئاتتىم. تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى بولغاي، مەندىن «مۇشت» يېگەنلەرنىڭ بەزىسى تەختتىن چۈشتى، بەزىسى يۆتكىۋېتىلدى. مەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندىم ۋە ئەمگەك ـ كادىرلار بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، كادىر تەقسىماتى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندىم. بۇمۇ مېنى قانائەتلەندۈرمىدى: باشلىقىمىز تولىمۇ قاتتىق قول، سىركە ـ پىياز، ھاكاۋۇر ئادەم ئىدى. قەلەم بىلەن سىياھنى بىكارغا ئالغاندەك، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىگە تەستىق يېزىۋېرەتتى.ئارىدىن بىر كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي ئىجراسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاللاتوۋامنى چىقىراتتى. بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ بولالماي قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەتتىم. ئۇنى كۆرسەملا قوللىرىم تىترەپ، تىلىم گەپكە كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشقا كەلگۈچە، ئىشتىن يانغۇچە ۋالىينىڭ پىكاپىغا چىقىۋېلىشىنى كۆرۈپ قالسامغۇ، بولدى، ئېزىقىمغا ئېلىپ چايناپ پۇركىۋەتكىم كېلەتتى...

چىدىدىم، چىدىدىم، ھەممىگە چىدىدىم. ئىچىمگە تىنىپ سەككىز يىلنى ئۆتكۈزدۈم. نەدىن بىلەي، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئورنىغا مىنى دەسسەتتى. مانا شۇنىڭدىن بۇيان، چوڭمۇ، كىچىكمۇ مېنى ئىزدەيدۇ، بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بولالماي، ئىككى پۇتۇم تۆت. بۇ مېنىڭ ئۇلارغا ئامراقلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۆچلىكىمدىن! بىرى، ئۇلار سىياسەتكە خىلاپ ئىشلارنى قانچە كۆپ قىلسا شۇنچە تېز يىقىلىدۇ (ئۇلارنىڭ ماڭا يازغان پرىنسىپقا خىلاپ خەتلىرى، تەستىقلىرى ئۆيۈمدە ساقلاقلىق. پەيتى كەلگەندە ھەممىسىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ چىقىمەن...) بىرەرسى يىقىلسا، ئۇقىرى ماڭا كۆز سالماي قالمايدۇ. يەنە بىرى، بەزىلىرى مېنى مۇشۇ ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچەپ كەتمەن چاپقان، بەزىلىرى «ھە ـ ھۇ» دېيىشىپ بەرگەن، يەنە بەزىلىرى سۈكۈت قىلىشقان. مانا ئەمدى ئۇلار مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ھاجىتىنى راۋا قىلماقچى. «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇدۇ» غان گەپ. مېنى ئۇلارغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! بۇ شۇنداق جاھان: ئۇ ساڭا ھاجەتمەن، سەن ئۇنىڭغا.گەپ ـ قىل بېرىپ ئارغامچا ئېلىشنى بىلىشتە. مەن شۇنداق ئادەم. لېكىن بۇنى ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا كاتتىلار دائىم مېنى ماختاپ تۇرىدۇ. ماڭا كېرىكىمۇ شۇ! ئايزىمخان مومايغا كەلسەك، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشمۇ زۆرۈر. بىراق، كاتتىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىلتىپاتىنى ئۇنىڭ قۇرۇق دۇئاسىغا تېگىشكىلى ئەخمەق ئەمەس ـتە مەن!... ۋاقتى كەلسە ئۇنىڭ ئىشىمۇ بىر تەرەپ بولىدۇ؛ ياپياش بىر ئادەمنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كەلگىچە، مومايىنى ئوغلىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىۋەتسەكلا بولمىدىمۇ؟ لېكىن بۇ ئەڭ ئاخىرقى يول!...

مەن مۇشۇنداق خىيالنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مومايىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاشۇنداق تەستىق يازغانىدىم. بىر ئايغا قالمايلا سەيدىن ئىشلەۋاتقان ئورۇندىن ئالاقە كەلدى. ئۇ قىلچە ئەيىب ـ قۇسۇرى يوق بالا ئىكەن. ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدىمدا دەۋەيلەپ تۇرۇۋالىدىغان، تېلېفون چۆرۈپ ھارمايدىغان كاتتىلار بىلەن تۇغقانلىرىم تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. تېخى بەزىلەر «غىمىسىدە» ئۆيۈمگە بېرىپ، خوتۇنۇمنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ. ئۇلارنى رازى قىلماي تۇرۇپ، سەيدىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بىر نېمە دېگىلى نەدە چولا!؟

كېيىنكە سۈرۈدۇم. ئايزىمخان مومايمۇ زېرىكمەي كېلىۋەردى. «كۆل ئالسىلا

كۆمۈش بولسۇن، چۇجاڭ بالام! تۇپراق ئالسىلا ئالتۇن بولسۇن، چۇجاڭ بالام! كۆكلەپ كەتسىلە، چۇجاڭ بالام! چىققان دۆۋىلىرى تېخىمۇ ئېگىز بولسۇن، چۇجاڭ بالام!...» دېگەنگە ئوخشاش دۇئالار بىلەن كۆمۈۋەتسىمۇ، ئېرەنگىشىمىدىم. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بىر كۈنى قاق سەھەردە ئايزىمخان موماي ئىشخانامدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆرە تۇرغۇدەك مادارى يوق ئىدى (كېيىن ئۇقسام، شەھەردە ئېشەك هارۋىلىرىنىڭ مېڭىشى چەكلەنگەچ، قول هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىكەن). ئۆزىنى ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا «لەسسىدە» تاشلىۋەتتى ـ دە، ئاققۇشقاچتەك جاۋۇلداپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەن قاندىقتۇر بىر زەرگەردىن بىر سەر ئالتۇننىڭ بىلەيزۈكنى پارا ئېلىپ، ئۇنىڭ سەيدىن ئىشلەۋاتقان يېزىغا ئەمدىلا «چېنىقىش»قا بارغان ئوغلىنى يۆتكەپ كېلىشكە رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىپتىمىشمەن. ئاچچىقىم كەلگىنىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولۇپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. ئۆزۈم كىم، مەن بىلەن گەپلىشىۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاقىلداقتەك ئېيتىلىپلا كەتتىم. ئۇمۇ بوش كەلمەي، ئىككى يىلدىن بۇيان كىملەرنى قەيەردىن قەيەرگە يۆتكىگەنلىكىم، بۇنىڭ بەدىلىگە نېمە ـ نېمە پارا ئالغانلىقىمنى تاغاردىن تېرىق تۆككۈلگەندەك ئالدىمغا تۆككىلى تۇرۇۋىدى، مېڭەمگە ئۇشكە قويغاندەك ۋىڭىلداپ، كۆزلىرىمگە ئاق ـ قارا كۆرۈنمەي قالدى. كىيىملىرىم تەردىن چۆپ بولۇپ كەتتى. پۇت ـ قولۇمنى مىدىرلاتقۇدەك مادارىم يوق ئىدى. ئاخىر تاقەت قىلالماي:

— جۆيلۈمە، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان دەللە! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

— كىم جۆيلۈپتۇ؟ — موماي هاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن قوپتى، — ئىشەنمىسەڭ، بېرىپ خوتۇنۇڭدىن سوراپ باق! — ئۇ هاسىسىنى كۆزۈمگە تەڭلىگىنىچە ناهايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى. يەتمىش پۇشتۇمنى قويماي قاغىدى. ئاخىرىدا، — هۇ ئەسلى ـ زاتىنى ئۇنتۇپ قالغان پۇچۇق ئۆرۈق! خۇدانىڭ ئۆزىگە قويدۇم، مەندەك بىر مەزلۇم ئاجىزنى ئىككى يىل ئاۋارە قىلغىنىڭغا، گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپارسەن، ئىلاهىم!!! ....— دېگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

باشقا گەپلىرىگۇ بىر نۆرى، «پۇچۇق ئۆرۈق» دېگىنى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. هەر قانچە قىلسامۇ، مۇشۇ سۆز كاللامدىن نېرى بولمايتتى. «ئۆرۈق» بالىلىقىمدىكى لەقىمىم ئىدى. خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، هېچكىممۇ بۇ لەقىمىمنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان، هېچ بولمىغاندا، يۈز تۇرانە ئاغزىدىن چىقىپ باقمىغانىدى.

«بۇ موماي يا بىزگە قوشنا بولمىسا، لەقىمىمنى قانداق بىلىۋالدى؟ دېمەك، مەن دۈشمەنلىك ئىكەنمەن... دۈشمىنىم زادى كىم؟ ئەستا...»

بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ ئولتۇرسام مومايىنىڭ: «خوتۇنۇڭدىن سوراپ باق!...» دېگەن گېپى يادىمغا كەلدى.

«خوتۇنۇم راستىنلا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىر نېمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ يۈرگەنمىدۇ؟ بولۇپمۇ بىلەيزۈكنىڭ گېپى...»

ئىشخانامنى قۇلۇپلىدىم ـ دە، ئۇدۇل ئۆيگە چاپتىم. ئەگەر مومايىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئوندىن بىرى راست بولغاندىمۇ، خوتۇنۇمنىڭ ئاللا ـ تۇۋبىسىنى چىقىرىش، يامىنىغا كەلسە، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. خوتۇنۇمغا شۇنداق چېچىلغىلى تۇرۇۋىدىم، دەسلەپ هېچكىمدىن بىرەر قېتىممۇ يىپ چاغلىق نەرسە قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چىڭ تۇردى. مەن بىلەن تەڭ

دەرىجىلىك، ھەتتا دەرىجىسى مەندىن بىر مۇنچە تۆۋەن ئەمەلدارلارنىڭ نىمە - نىمىسى پارىغا كەلگەن نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئاغزىمنى تۇۋاقلىماقچى بولدى. مەن تەرسالىق بىلەن تەگەۋەرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ھېلىقى بىلەيزۈكنىڭ كېپىنى ئاغزىمدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ بىردىن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى - دە:

— بىر يەردە دۆۋىلەپ قويغان پۇلىڭىز بولسا، ھازىرلا بېرىپ، زەرگەرنى رازى قىلىۋېتىڭ. بولمىسا، كېلىنىڭىزنىڭ بىلىكىدىن بىلەيزۈكنى سوغۇرۇۋېلىپ ئاپىرىپ بېرىڭ! ئۇچىڭىزدىكى پەلتو بىلەن شىم - چاپانمۇ خەقنىڭ سوۋغىسى!...سىزنىڭ تۆت تەڭگە مائاشىڭىز بىلەن بەش بالىڭىزنىڭ كېلىنى باقامدىمەن، ئۈچىسىنى ياپامدىمەن!؟ ھۇ...ھۇ... يامان قىپتىمەنمۇ؟ خەقنى بۇلىمىدىم، ئوغرىلىمىدىم... ئۆزى چىرايلىق خونچىلاپ ئالدىمدا قويۇۋىدى، «ھەشقاللا» دەپ ئالدىم. ئوشۇق دۆلەت بېشىڭىزنى يارغان بولسا، ھەممىسىنى ئاپىرىپ ئىگىلىرىگە بېرىۋېتىڭ! ... ئېسىت، سىز بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم!... ئېلىڭ! ئۆيىڭىزنىمۇ، باللىرىڭىزنىمۇ ئېلىڭ!...

ئۇ جاۋىلداپ سۆزلىگىنىچە، بوغچا - بوغوندىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىۋىدى، تاشقىرىدىن كېلىنىمىز كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىتىپ قېلىپ، رۇخسەت سوراپ قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇنى كۆرگەن خوتۇنۇمنىڭ زۇۋانى دەرھال بېسىقتى. مەنمۇ كۈلۈمسىرىدىم. بىلىكىدە ھېلىقى بىلەيزۈك تۇراتتى (بۇ ئۇنىڭ تويلۇق بىلەيزۈكى ئىدى). كۆزۈمگە ئايزىمخان مومايىنىڭ ئايانچلىق، شۇنداقلا غەزەپلىك قىياپىتى كۆرۈندى.

«خوتۇنۇڭدىن سوراپ باق!...»

مۇشۇ سۆز ماڭا ئەقىل بەردى: مەن ئۇدۇللا ئىدارىغا بېرىپ، كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمنى تاپتىم - دە:

— قايسى كۈنى ئېزىپ كېتىپ، سەيدىنىنىڭ ئورنىغا مەخسۇتنىڭ رەسمىيىتىنى ئۆتەشنى بۇيرۇپتىمەن. دەرھال ئۆزگەرتىۋېتىڭ، — دېدىم.

— مەنمۇ سىزنى ھەقىچان ئېزىپ كەتتىڭمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپ كۈلۈمسىرىدى خادىم، — راستتىنلا ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ.

— ئويىڭىزنى شۇ چاغدىلا دېگەن بولسىڭىزچۇ... بىچارە مومايىنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق خوش قىلىۋېتىدىكەنمىز...

— كەچۈرۈڭ، زاچۇجاڭ! بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.

— ئالاقىنى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ماڭدۇرۇۋېتىڭ - ھە!

— ماقۇل، زاچۇجاڭ.

ئالاقە پوچتىخانىغا يېتىپ بارغىچە، ئايزىمخان موماي ئۆلدى. كاتىپقا سەيدىنىنىڭ ئالاقىسىنى ئەۋەتمەي تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، بىر مەزگىل ۋەزىيەتنى كۆزەتتىم: خا رەھبەرلىكتىن، خا ئاممىدىن ئايزىمخان سۆزلەپ يۈرگەن ئىشلار توغرۇلۇق ھېچقانداق شەپە چىقمىدى.

يۈرىكىم قىنىغا چۈشتى. پۈت - قولۇمغا جان كىرىپ، خىزمەتنى ئىلگىرىدىكىدىنمۇ دادىل ئىشلەيدىغان بولدۇم. خوتۇنۇمغا بىھۇدە ئازار بەرگىنىمگە قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئەمما بىر نەچچە كۈنىچە: «مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئەملىمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟» دەپ قورقۇپ يۈردۈم. مۆرىتى كەلسە، بىر سەر ئالتۇننىڭ بىلەيزۈكى كىچىك دەردىسەر ئەمەس ئىدى. ھېلىقى زەرگەرگە ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېتىش ئۈستىدە كېچە - كۈندۈز باش قاتۇردۇم، ئامال بولمىدى: قولۇم قىسقا ئىدى. بانكىدا ئامانەت قويغان بىرەر كوي پۇلۇم يوق بولغانىنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئوغلۇمنىڭ توينى قىلىمەن دەپ،

ئىت - ئېشەككىچە قەرزدار بولۇپ كەتكەندىم. ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى «تەۋەككۇل» قىلىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا يۇرۇۋېرىش نىيىتىگە كەلدىم. راست ئەمەسمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە قايسىبىر ئەمەلدار پارا يېمەيدۇ!؟ «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسۋال» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ موتۇنۇم نېمە قىلسا قىلسۇن. ئىشقىلىپ، مەنلا ئۆز قولۇمچە خەقتىن بىر نەرسە ئالسام بولدى!...

نەتىجە شۇ بولدىكى: ئىس چىقارماي كاۋاب، هور چىقارماي مانتا يېدىم. «ئۇھ... خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى! خوتۇنۇمنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن!!! ئىسىت، ئۇنىڭغا بىهۇدە ئازار بەرگەنلىكىم...»

— هوي ئاغزى كۆيمىسە دوزاخنىڭ ئوتىنى دەم تارتىدىغان دەيۇز، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن! — ئايزىمخان مومايىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي قاغايتتى. هاسىسىنى كۆزۈمگە تىقىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇيان - بۇيان شىلتىيتتى. مەن ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي، بېشىمنى هېلى ئۇيانغا - هېلى بۇيانغا ئېلىپ قاچاتتىم. دەس ئورنۇمدىن قوپۇپ، بىر ياققا قېچىپ كېتەي دېسەم، هېچقانداق بىر ئەزايىمنى قىمىرلىتالمايتتىم، — كۆردۈڭمۇ؟ - دەيتتى موماي قوناق شېخىدەك ئىنچىكە پاقالچاقلىرىنى ئىشارەت قىلىپ، — سەن تاش يۈرەكنىڭ رەهىمسىزلىكىدىن، بىچارە ئوغلۇم يۈزۈمنىمۇ كۆرەلمىدى. هېيت - ئايەملەردە تۇپرىقىمنى يوقلاپ، تۆت ئېغىز «ئايەت - ئىسلام» ئوقۇپ قويالمىدى. ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراۋېرىپ، كۆزلىرىم ئەما بولۇپ قالدى. شۇڭا، هۆرلەر بىلەن بەيتۇللاغا باراي دېسەم، ئۇلار بىلەن تەڭ ئۇچۇشقا قۇربىتىم يەتمەي، رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىنىمۇ تاۋاپ قىلالمىدىم. بۇنىڭ هەممىسى سەن بەتبەختنىڭ كاساپىتى!... مۇشۇ دۇنيادا بىر كۈن تىرىك ياشايدىكەنسەن، بىر كۈن ئارام بەرمەيمەن! يېگىنىڭنى زەهەر، كىيگىنىڭنى كېپەن قىلىۋېتىمەن!!! ئاڭلاپ تۇر: خۇدا قازى بولۇپ، رەسۇلۇللا شاپائەت تەختىگە چىققاندا، سەيدىن بىلەن ئىككىمىزنىڭ تۆمۈر تىرنىقى سېنىڭ ياقاڭدا!...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، پۈتۈن كۈچى بىلەن هاسىسىنى كۆزۈمگە سانجىغانىدى، «ۋايجان!» دېگىنىمچە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام، كادىرلار ساناتورىيىسىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىدا مۇزدەك سېمونت ئۈستىدە يېتىپتىمەن. ئېلېكتر يېنىپ تۇرىدۇ. قېشىمدا هېچكىم يوق. تاشقىرىدا شۇۋىرغان هۇشقىيتىدۇ. يۈرىكىم ئەنسىز تېپىرلاپ، نەپسىم سىقىلغىنىدىن تىنىقىم سىرتقا چىقمايدۇ. نۆۋەتچى سېستىرانى چاقىرماقچى بولغانىدىم، ئۈنۈم چىقمىدى. ئورنۇمدىن قوپماقچى بولۇدىم، هېچيېرىمنى مىدىرلىتالمىدىم. «مەن نېمە بولدۇم؟ سەكراتقا چۈشكەن ئوخشىمامدىم!؟ ئاھ، خۇدا!!!...»

مېنىڭ خاتىرجەم كۈنلىرىم ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى: ئايزىمخان موماي كۆزۈمگە كىرىۋالغىنى كىرىۋالغان. ئۇنىڭ تىل - ها قارەت، قارغىشلىرىدىن قۇلىقىم پاك، كاللام گاراڭ. قورقۇنچلۇقتا جېنىم ئىچىمدە قېچىپ يۈرىدۇ. ئىشتىهايىم تۇتۇلدى، ئۇيقۇم قاچتى. يەل تۇپتەك كۆپۈپ تۇرىدىغان گۆشلۈك قوۋۇزلىرىم سۆڭىكىمگە چاپلاشتى، كۆز چاناقلىرىمغا بىر چاڭگال تېرىق پاتىدۇ، قورسىقىم ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بىر بىر چاغلاردا جىسمىمغا قويۇپ قويغاندەك يارىشىدىغان كىيىملىرىم ئەمدى بەدىنىمگە يۇقۇشمايدۇ. ئەينەككە قارىسام، چىرايىمغا ئاللىقاچان ئۆلۈك سىنجى كىرىپتۇ. دوختۇرلارنىڭ هەر قانچە پالاقشىشلىرىمۇ

www.uyghurkitap.com

ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. دىلىم سۇنۇق، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىدىن بىزارمەن. ئىچىمدە پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇيمەن. كۆزلىرىمگە دەم جەننەت كۆرۈنسە، دەم دوزاخ كۆرۈنىدۇ. مەن ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش: ئازاب ئۈستىگە ئازاب!

دەسلەپ مېنى ئازابلاۋاتقىنى — بىرلا ئايزىمخان موماي، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. كېيىن بىلسەم، ئىلگىرى مەن «شەپقەت قىلىپ بېشىنى سىلىغان» ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا دۈشمەن بولۇپ چىقتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىپ، مۇنكىر ـ نەكىردەك سوراققا تارتىدۇ. بىر چاغلاردا ماڭا ئۆز قولى بىلەن «سوۋغا» قىلغان قانداقتۇر نەرسىلىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابىنى ئالدىمغا يايىدۇ. «سوۋغامنى قايتۇر!» دەپ قىستايدۇ.

يۈزسىزلىك! ئۆتۈپ كەتكەن شەرمەندىلىك!!!

ئۆيگە بىر كىم كىرسە، ئالدىغا داستىخان سېلىپ، چاي — مەززە قويۇش، ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىش — بىز ئۇيغۇرلاردا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت. ھەقىقىي ئۇيغۇر بالىسى بۇنداق ئىشلارنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرۈشنى نومۇس بىلىدۇ. ئەكسىچە، بىر چاغلاردا مېنىڭ ئەتراپىمدا چۈشۈندەك گىڭىلداپ خۇشامەت قىلغان، ئالدىمغا داستىخان سېلىپ بىرەر پىيالە چاي قويغان، ئوغۇل ـ قىزلىرىمنىڭ توي ـ مەرىكىلىرىدە ئۇنى ـ بۇنى سوۋغا قىلغان كىشىلەر مانا ئەمدى چاياندەك نەشتىرىنى ئۇشلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە سانجىماقتا. گېلىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر يۇتۇم چېيى، بىر چىشلەم نېنىنى قۇستۇرۇۋېلىش كويىدا قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلماقتا. ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، شۇ تاپتا بۇ يۈزسىز مۇناپىقلارنى...

بىقۇرۇمەن!

ئۇلارنى تىللاي دېسەم، تىلىم تۇتۇلۇق. ئۇراي دېسەم، قولۇم پالەچ. كۆزلىرىم بىلەن بولسىمۇ بىر ئالىيىپ قاراۋالاي دېسەم، ئۇلار بەكمۇ چاققان: قاراپ بولغىچە غايىب بولىدۇ. چىرايىنىمۇ، ئىسمىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. بەزىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ قالىمەن.

ئاۋازغا مۇشت ئاتقىلى بولمايدۇ ـ دە!

بىرسى مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى: سەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى نەچچە يىل بولدى؟ جەمئىي نەچچە پۇل مائاش ئالدىڭ؟ شۇنچە يىلدىن بۇيان يېگەن ـ ئىچكەن، بۇزۇپ ـ چاچقانلىرىڭنى قويۇپ تۇرۇپ، ھازىر قولۇڭدا بار نەق پۇلۇڭ بىلەن مال ـ مۈلكۈڭ، ھويلا ـ ئىمارىتىڭنى پۇلغا سۇندۇرۇپ بىر ھېسابلاپ كۆرگىنە! زادى نەچچە پۇلغا يارايدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە قانچىلىكى ھالال، قانچىلىكى ھاراملىقىنى بىلەلىسەڭ تېخى ياخشى!...

ھېسابلاپ كۆردۈم: ئىككى يىل ھەر ئايدا 30 كويغا، يىگىرمە يىل 53 كويغا، ئالتە يىل 86 كويغا، ئىككى يىل 150 كويغا، بىر يىل 270 كويغا ئىشلەپتىمەن. مائاشىم 310 كويغا ئۆسۈپ ئۈچ ئاي بولغاندا، قولۇمغا پېنسىيە كېنىشكىسى تەگدى. ھەممە تاپقىنىم ئەنە شۇ. بۇنىڭ ھەممىسى نەچچە پۇل بولىدىغانلىقىنى كىم ھېسابلىسا، ھېسابلىۋالسۇن ئەمما كېسىپ ئېيتالايمەنكى: قولۇمدا بار مۈلكىم بىلەن بىر ئوتتۇراھال زاۋۇت ياكى كاتتا بىر تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى ئاچالايمەن. يېڭىدىن سالدۇرغان ھويلا ـ ئىمارىتىمگە زادى نەچچە پۇل خەجلىگىنىم ئېسىمدە يوق. شۇنداقتىمۇ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سۆزسىز 60 مىڭ يۈەنگە يارايدۇ... «ھارام ـ ھالال» نىڭ گېپىگە كەلسەك، ئىمانىم گۇۋاھكى: توڭگۇز گۆشى يېمىدىم،

ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىدىم. دېمەك، تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى ئانامنىڭ ئاق سۈتىدەك ھالال!...

كۆڭلۈمدىكى بۇ ھېساب - كىتابنى كىشىلەرنىڭ بىلىۋالغىنىنى نەدىن بىلەي؟ تېخى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ئايزىمخان مومايغا ئوخشاش ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەن؛ يەنە بەزىلىرى ئادەتتە ئالدىمدىن توغرا ئۆتۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان پارچە - پۇرات ئاشپەز - ناۋاي، ئىشچى - كادىر، تامچى - ياغاچچى، قۇرۇلۇش كۆتۈرە ئالغۇچى ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، مېنى شۇنداق قىيىن - قىستاققا ئېلىشقا باشلىدىكى، ۋاي - ۋۇي ... بېشىمغا دوزاخ ئازابى چۈشتى: كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپمۇ، قۇلىقىمنى ئېتىۋېلىپمۇ، ئۇلارنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىماسلىققا؛ غەزەپ - نەپرەتلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرمەسلىككە ئىلاجىم يوق. ھېلىمۇ ياخشى، كۆزۈممۇ، قۇلىقىممۇ ئىككى بولۇپ قاپتىكەن. ئەگەر تۆت ياكى سەككىز بولۇپ قالغان بولسا قانداق قىلار ئىدىم!؟

ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بىر نېمىدەپ
قويارسەن!!!

ۋاقتى كەلگەندە، خۇدامۇ باغرى تاشلىق قىلىدىكەن! ئۇ، ئالدىمغا شۇنداق بىر ھېساب - كىتابنى يايدىكى، مال - مۈلكۈم تۇرماق، بەدىنىمدىكى گۆش، سۆڭەك، ھەتتا قانلىرىمچە ھارامغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كىچىكىمدە ئاتا - ئانام مېنى «ئۇستىخىنى ھالالدىن پۈتكەن» دېيىشەتتى. توۋا دەيمەن، مانا ئەمدى كېلىپ...

بۇ ھېساب مۇنداق: مەن دەسلەپ خەقنىڭ بىر يۇتۇم سۇيىنىمۇ بىكارغا ئىچمەيدىغان، ناۋادا ئىچىپ قالسام، پەيتىنى كەلتۈرۈپ، بىر يۇتۇم ئورنىغا بىر پىيالە قايتۇرمىسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان ئادەم ئىدىم. كېيىنچە «ھەشقاللا»نى ئۆگىنىپ، خەق ئالدىمغا قويغاننى «ھەشقاللا» دەپ ئېلىۋېرىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بەدىلىگە قەلىمىمنى ياكى ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ قويسىلا ئۇلارمۇ خۇش، مەنمۇ خۇش. «قاچان ماڭاش بېرەركىن...» دەپ چېسلا سانىمايمەن. ماگىزىن دېگەننى بىلمەيمەن. بىرەر ھاجەتمەنگە: «ماڭا پالانى نېمە لازىم ئىدى، تاپقىلى بولارمۇ؟» دەپلا قويسام، مەن ئارزۇ قىلغاندىن نەچچە ھەسسە ئېسىلى ئۆيۈمدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ قايسىسى ئۆز پۇلۇمغا كەلگەن؟ قايسىسى خەقنىڭ «سوۋغىسى»؟ بۇنى خوتۇنۇملا ئايرىيالايدۇ. ماڭىمۇ ئاتا - ئانامدىن توخۇنىڭ كاتىكىمۇ مىراس قالمىغان. بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگەرىگە چوڭ بىر قۇرۇلۇشنى ئۇقۇشۇپ بېرىپ، شۇنداقلا بىر ئىشارەت قىلىپ قويۇۋىدىم، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىر يىلغا قالمايلا پىششىق خىش بىلەن سېمونتتىن سەككىز ئېغىزلىق، ئىككى قەۋەت ئىمارەت پۈتۈپ قالدى. كېيىن ئۇقسام، بىر مۇخبىر... نېمە دېسەم بولار؟ مۇخبىر، يازغۇچى دېگەنلەرنىڭ ئەللامىسى ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان، خەقنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەپ، يېگىنىنى چىرايىغا چىقمايدىغان؛ ئۆمۈر بويى پالاقلاپمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان خەق!... خەپ، «موزاينىڭ يۈگۈرگىنى سامانلىقىچە» بولمىغىنىنى كۆرەي!... شۇنداق قىلىپ، بىر مۇخبىر «پارىخور» لۇقمىنى پاش قىلماقچى بولۇپ پېيىمگە چۈشۈپتۇ. مەنمۇ بوش تۇرمىغانىدىم: بىرى، قانۇندىن يول تاپتىم، يەنى قانۇندىكى «پارا قوبۇل قىلغۇچىمۇ، پارا بەرگۈچىمۇ جازالىنىدۇ...» دېگەن جۈملىلەر مېنىڭ قانىتىم، تۈۋرۈكۈم، ئەڭگۈشتەرىم ئىدى. يەنە بىرى، مېنىڭ

«ئىززىتىم»نى قىلغان ئادەملەرنىڭ زور كۆپچىلىكى قولى قىسقا، ئىشىنىڭ ھەل بولمىغىنى ئۈچۈن تەلپەكنى ئاسمانغا ئاتىدىغان، «قانۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا پۇت ـ قولىدىن ماغدۇر كېتىدىغان قورقۇنچاق ئادەملەر. ئىشىنىمەنكى، ئۇلار جىنى چىقىپ كەتسىمۇ قانۇننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئاز بىر قىسمى «بۆرىنىڭكە ياغ تولغان، قولى ئۇزۇن» ئادەملەر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «پۇل دېگەن قەغەز!» ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا بىرنى بېرىپ، ئوننى ئۇندۇرۇۋېلىشقان. ھەرگىزمۇ ئازغىنا بىر نەرسە ئۈچۈن مېنى چىشلەپ تارتىپ تۇمەنلەپ كەلگەن ياكى كېلىدىغان نەپنى شامالغا سورۇۋەتمەيدۇ.

قېنى، بىرەر نائەھلى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن بىر نەرسە دەپ قاۋاپ باقمىسۇنمۇ، ئىتنىڭ كۈننى كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

«پارا ئالغۇچىمۇ، پارا بەرگۈچىمۇ جازالىنىدۇ...»

ھېلىقى بىچارە مۇخبىر ئەپەندىم بىر يىل ئاۋارە بولۇپ، كەشىنىڭ چەمنى زىيان تارتتى، خالاس!

ئەگەر يەنە بىر مەزگىل ئۆرە تۇرۇپ بەرگەن بولسام، مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ قېلىشىممۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بىراق، ھەي... خۇدانىڭ ماڭا تارلىقى كەلدىمۇ، نەس كېسەل...

كېسىلىم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بىر كۈنى ئىدارەمدىن بىر جەدۋەل ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئائىلە بويىچە ئومۇمىي كىرىمىم، سالدۇرغان ئۆيۈمنىڭ كۆلىمى ۋە قىلىنغان چىقىم قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ يازىدىكەنمەن. يا خۇدا، بۇ نېمە بالا ـ قازا!؟

ئۇنىمنى چىقارماي ھەپتە تۈكۈلۈپ ياتتىم. تۈكۈلۈپ يېتىپ كېچە ـ كۈندۈز خىيال سۈردۈم. جەدۋەلنىڭ ھەر بىر كاتەكچىسىدىكى سۆزلەرنى تولا ئوقۇۋېرىپ يادا ئېلىۋالدىم. «قىلىنغان چىقىم»، «ئائىلە كىرىمى» دېگەن سۆزلەر مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىغانىدى. دەل مۇشۇ ئىككى كاتەكچە ھەر قانداق ئادەمنى ئەڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنىمۇ ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان «قارماق» ئىدى. بۇ «قارماق» تىن ھېچكىم قۇتۇلالمايتتى. لېكىن مەن ئۇنىچىۋالا دۆت ئەمەس، كاللا ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىمەن. ئون ياش چاغلىرىمدىلا بىر توشقاننىڭ يولۇۋاسنى ئالداپ قۇدۇققا سەكرىتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى چۆچەكنى ئاڭلىغانمەن. شۇنىڭدىن بۇيان بىرەر قېتىم ئىشقا دۇچ كەلسەملا ئاشۇ چۆچەكنى ئېسىمگە ئالىمەن ـ دە، دەرھال «يول» تېپىۋالىمەن. بۈگۈنمۇ شۇ چۆچەكنى يادىمغا ئېلىپلا، ناھايىتى ئەپچىل بىر چارە تاپقاندەك بولۇپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

— يۈگۈر، ـ دېدىم مېنى يوقلاپ چىققان ئوغلۇمغا، ـ ھاشىم ئاكامنى چاقىرىپ چىق!

ھاشىم ئاكام — مېنىڭ بىردىنبىر تاغام ئىدى. ئىلگىرى ھامماللىق قىلاتتى، كېيىن قول ھارۋىسى سۆرەپ جان باقىدىغان بولدى. دائىم قىمار ئويناپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، يىغىۋېلىش پونكىتىغا كىرىپ قالاتتى. شۇڭا، توپتوغرا يىگىرمە يىل باردى ـ كەلدى قىلىشمىغانىدۇق. تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا كۆرمەسكە سېلىپ تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم ئۆيۈمگە قەدىمى يېتىپ قالغۇدەك بولسا، قاپىقىمنى تۈرۈۋېلىپ چىرايىمنى ئاچمايتتىم ياكى دەرھال بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىقىپ كېتەتتىم ۋە ياكى باشقا ئۆيگە چىقىۋالاتتىم. ئالدىغا بىر پىيالە داغ سۇمۇ

تويمايتتىم. خوتۇن - باللىرىمنىڭ مۇئامىلە-
سى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى: بەزىدە ئۇنى
ئۆيگە كىرگۈزمەي ھويلىنىڭ بوسۇغىسىدىلا
كەتكۈزۈۋېتەتتى. كېيىن، ئۇنىڭغا خۇدا ئىن-
ساب بەردىمۇ ياكى ئەقىل كىردىمۇ، قىمار-
نى تاشلاپ مەسچىتكە كىرىشۋالدى. بىر
ئاشپەز بىلەن شېرىكلىشىپ كىچىككىنە
ئاشپۇزۇل ئاچتى. تاپاۋىتىمۇ ئوبدان ئىدى.
مەنمۇ «پەدەم» نى ئۆزگەرتتىم: ئۇ قاچان
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئالدىمغا كەلسە،
ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ: «ۋە ئەلەيكۇم
ئەسسالام» دەپ قويۇۋىدىغان،ھەتتا ھەممىداستىخان
بولۇشنىمۇ ھار ئالمايدىغان بولدۇم. كېيىن
«تۇغقانچىلىق» نىمۇ يەتكۈزدۇم: ئۆي -
مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا
ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپلا، شەھەر مەركىزى-
دىكى بىر پارچە ئەخلەت - يۇندا تۆكۈلۈ-
دىغان قاپچۇغايىنى ئۇنىڭ ئاشپەزخانا سې-
لىشىغا ئېلىپ بەردىم. تۆت ئوغۇل،
ئىككى قىزى بار ئىدى. يەنە ئىككى نەپەر
سەھرالىق ئۇستا ئاشپەزنى يالالپلا تىجارەت
باشلىۋالدى. قىزىق ئىشە ئادەمگە ئامەت
ئالدىنى قىلسا، تۆگە مايىقى ئالتۇنغا ئاي-
لىنىدىكەن: بىر يىلغا بارمايلا خېرىدارىنىڭ
كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ دۇكىنى تار كەلدى.
ياللىغان ئۇستا - نىمكارلىرى ئون بەشكە
يەتتى. كۈندىلىك ساپ پايدىسى مېنىڭ
بىر ئايلىق مائاشىمدىن كەم بولمايتتى.
بىزمۇ گۆش - ياغ ئۈچۈن قاسساپنىڭ ئال-
دىغا بېرىشتىن قۇتۇلدۇق. ئۇيان - بۇيان-
دىن كېلىپ قالغان ئۇلپەتلىرىمنى
ئۇدۇللا ئۇنىڭ دۇكىنىغا باشلايتتىممۇ، زادى
يانچۇقۇمنى كولىمايتتىم... بەش يىلدىن
كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ
بىر ئاشپۇزۇلنى ئۇنىڭغا ئون يىللىق ھۆددە-
دە ئېلىپ بەردىم. ئۇمۇ مەردلىك قىلىپ
ئىككى ئوغلۇمغا «suzuki» ماركىلىق موتو-
سىكلىتتىن ئىككىنى سوۋغا قىلدى. قىسقى-
سى،ھازىر ئۇ، دادام ئورنىدا دادام، ئەڭ يېقىن
سىردىشىم ۋە شەپقەتچىم...

ھاشىم ئاكام يوغان بىر سومكىدا لىق
ئازۇ - نېمەت كۆتۈرگەن ھالدا ياتىقىمدا
پەيدا بولدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن
ئوغلۇمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ھېلىقى
جەدۋەل توغرىسىدىكى گەپنى ئېيتتىم.

— شۇنداق ئىشمۇ بارمىكەن؟ — دېدى
ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە مەنىلىك تە-
كىلىپ، — ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— قانداق قىلسام بولىدىكىن؟ — مەن
كېسەلىمنى ناھايىتى ئېغىر كۆرستىش ئۈ-
چۈن، يوتقانغا مەھكەم يۆگىنىپ، بېشىمنى
لۆڭگە بىلەن تېڭىۋالغانىدىم. سوزۇپ: «ئۇھ»
تارتتىم، ئاۋازىم يىغلامسىراۋاتقانىدەك ئېچى-
نىشلىق ئىدى، - ئۆزلىرىنى ئەقىل كۆرستەر-
مىكىن، دەپ چاقىرتتىشىم...

— سەنزە، ئەجەبمۇ قورقۇنچاق ئىكەن-
سەن! — ئۇ تەبەسسۇم قىلدى. ئاۋازى مەغرۇر
ئىدى، — ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا
ئۈۋىلىنىپ كەتكەن بارمۇ؟ قويە ئوكام،
سېنى! ئاۋۋال جەدۋەلنى توشقۇزۇپ ئىدا-
رەڭگە ئەۋەتتۇت. قورسىقىڭغا كىرىپ چىقسام،
جەرىمانە تۆلەپ قېلىشتىن قورقۇۋاتقان
ئوخشايسەن. قورقما. ئالسا، پۇل ئالار شۇ!
پۇل دېگەن نەرسە سەندە بولمىسا، مەندە
بار. سەن ئۈچۈن 10 — 20 مىڭ كوينى
كۆزۈمنى يۇمۇپلا تۆلىۋېتىمەن ... مۇنداق
يوقىلاڭ ئىشلارغا كاللا ئۇپرىتىپ يۈرمەي،
كېسەلدىن بالدۇرراق خارىج تېپىشنىڭ كو-
يىدا بول! «تەن ساقلىق — يېرىم دۆلەت»
دەپتىكەن...

ھاشىم ئاكام پۇل تېپىشنى بىلگەن بىلەن،
سىياسەتنىڭ شاخ - پۇتىقىنى تازا ئوبدان
بىلمەيتتى. ئەزمىلىك بىلەن ناھايىتى ئۇ-
زۇن گەپ ساتتى. نىقاب ئىچىدە بەزى

www.uyghurkitap.com

جەھەتلەرنى چۈشەندۈرگەن بولساممۇ، «كېسەلنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان بىھۇدە ئەندىشە» دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، ئاچقان يېرىمگە بارمىدى. مۇنداقچە ئېيتسام، مەن تاما قىلغان مەسلىھەت ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى.

— تاغا، — دېدىم ئاخىر گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ، — سىلىمۇ بىلىلا: نەچچە يىلنىڭىزى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى يىلدا نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ، ھېلى قىلغان گېپى ھېلى يوق بولدى. ھازىر ۋەزىيەت ئوخشىمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئاچچىقى يامان، پىچىقى ئىتتىك. سەللا بىخوتلۇق قىلسا، ئادەم يا ئۇيان -يا بۇيان بولىدىغان گەپ. شۇنچە يىلنىڭىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ باقماپتىمەن. مانا ئەمدى كېلىپ...

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن، ئۇكام!؟...

ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، ئۇستۇمگە ئېڭىشتى. سىياقىدىن مەندىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىر دوستۇمدىن ئاڭلىسام، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئادەتتىكىچە بولماسمىش، — مەن كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم، — ئۆي سالغان باشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال جەدۋەل تولدۇرۇپ تەشكىلگە تاپشۇرۇدىكەن، ئاندىن، تەشكىل ئۇلارنىڭ خىزمەتكە قاتناشقاندىن ھازىرغىچە ئالغان مائاشىنى بوغالتىردىن ئېنىقلاپ چىقىپ، ئائىلىسىدىكى جان سانىغا سۇندۇرۇدىكەن. ئاخىرىدا، ئۆي سېلىشقا كەتكەن چىقىم بىلەن ئومۇمىي كىرىمنى سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇق - كەمنى ئايرىپ، ھېسابى چىگىت چاقىدىغانلارنى جازالايدىكەن. سىلىدىن يوشۇرمايمەن، بىزنىڭ ئۆي...

— بالدۇرراق مۇشۇنداق دېسەڭچۇ، ئۇكام! ئەمدى تولۇق چۈشەندىم، بۇ راستـ

تىنلا كاشال ئىش ئىكەن. ئالمىسادىس، بۇ ئىش ھۆكۈمەتكە ئۇقۇلۇپ قالسا، سەن تۇرماق، بىزنىڭمۇ ئوتىمىز ئۆرە كۆيمەيدىكەن... مەن بىر قارا قورساق ئادەم، ساڭا مەسلىھەت كۆرسەتكۈچىلىكىم يوق. ئۆزۈڭ بىر نىيەتنى دىلىڭغا پۈككەن بولساڭ تارتىنماي دەۋەر. تاغاڭنىڭ جېنى تېنىدە ئامان بولسىلا، سېنىڭ پۈتۈڭغا سانجىلغان تىكەننى «كۆزۈمنىڭ قارىقىغا سانجىلدى» دەپ بىلىپ، بېشىڭغا سايىۋەن بولىدۇ!...

مەن مۇددىئايىمنى ئاشكارىلىدىم:

— مەن ئۆي سېلىش جەريانىدا سىلىدىن پۇل قەرز ئالغانلىقىم توغرۇلۇق بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ، ئىشەنچلىك دوستلىرىمدىن بىر نەچچىسىگە قول قويغۇزۇپ سىلىگە تۇتقۇزاي. سورۇشتۇرۇپ ئالدىلىرىغا بارغانلارغا ھۆججەتنى كۆرسىتىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسىلە. تەكشۈرۈش ئاياقلىشىپ، شامال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھۆججەتنى يىرتىۋەتسەك...

— قالتىس بەلەن ئويلاپسەن! بولىدىغان ئەقىل ئىكەن! — تاغام قاقاقلاپ كۈلۈپ، ياتاقنى نەچچە ئايلىنىپ چىقتى. مەنمۇ كۈلدۈم. خېلىدىن كېيىن، ئىككىلىمىز كۈلۈشتىن توختىدۇق. تاغام ئۇدۇلۇمغا كېلىپ سورىدى، — نەچچە پۇللۇق ھۆججەت يازاي دەيسەن؟

— ئوتتۇز مىڭ كويغا يازسام بولارمىكىن...

— ئوتتۇز مىڭ كوي! شۇنچە چىقما؟

— ئەمىسە ...

— نەچچە پۇلغا يازساڭ مېنىڭغۇ كارىم يوق، — تاغام ماڭا ئەقىل بەردى، — سەن ئۆي سالغان چاغدا، مېنىڭ دەسمايەممۇ ئۇنچە جىق ئەمەس ئىدى. ناۋادا، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىم سورۇشتە قىلىنىپ قالىدىغان ئىش بولسا، جاۋاب

بەرىكىم تەس بولىدۇ. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن،
«ئالتۇن - كۈمۈشۈم بار ئىدى» دەي
دېسەم، ھۆكۈمەت ئالدىدا گۇمانغا قالىمەن.
شۇڭا ...

ئىككىمىز بىر ھازا كېڭىشىپ، يىگىرمە
مىڭ يۈەندە توختىدۇق. ۋاقتىنى 86 -
يىلغا توغرىلايدىغان بولدۇق ...

ھۆججەتنى ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم.
مېنى يوقلاپ چىققان باشقارما، ئىدارە
دەرىجىلىك ئالتە نەپەر دوستۇمنى بىر - بىرى-
گە ئۇچراشتۇرماي گۇۋاھچى سۈپىتىدە
ئىمزا قويدۇرۇپ، تاغامنىڭ قولىغا تۇتقۇز-
دۇم. جەدۋەلنى تولدۇرۇپ، ئىدارىگە ئەۋە-
تىۋەتتىم (تاغامدىن يىگىرمە مىڭ يۈەن
قەرز ئالغانلىقىمنىمۇ ئەسكەرتىپ قويدۇم).
ياغاچ - تاش سېتىۋالغان ھۆججەتلەرنىمۇ
يول - يولىدا توغرىلاپ قويۇپ، دەككە -
دۈككە ئىچىدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى
كۈتۈشكە باشلىدىم. دائىم ئىچىمدە دۇرۇت
ئوقۇپ ئۆزۈمگە ھۆرەتتىم. تېخى كۈندە
بىرەر ۋاق نامازمۇ ئوقۇپ، تەڭرىدىن ئاخى-
رەتلىكىمنى تىلەيتتىم. ئادەم قېرىغاندا،
بولۇپمۇ ئاغرىق - سىلاق بولۇپ بېشى
ياستۇققا يەتكەندە، ئۆزىنى خۇداغا ئەڭ
يېقىن سېزىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، بۇ دۇن-
يادا — مۇشۇ يۇرتتا ئاتا - بوۋامدىن مىڭ
ھەسسە مۆتىۋەر ياشىدىم. بۇنىڭدىن بىر
مۇنچە رەقىبلىرىم ھەسەت ئوتىدا پۇچى-
لىنىپ، ئەجىلىدىن خېلى بالدۇر ئۇ دۇنيا-
غا سەپەر قىلدى. ئۇ دۇنيانىڭمۇ «تۆر -
پەگىرى» بارمىش. بۇ دۇنيادا مەندىن
«تۆر» تالاشقانلارنى ئۇ دۇنيادا شۈك ياتى-
دۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز شۈك
ياتمايدۇ! مەندىمۇ پۇختا تەييارلىق بولۇ-
شى كېرەك. مەن مۇشۇ تەييارلىقتا ئىدىم.
بەزىلەر مېنىڭ كۈندە ئوقۇپ قويغان
بىرەر ۋاق نامىزىمغا قاراپ: «پارتىيە يىغىن-
لىرىدا، زاچۇجاڭ روزا تۇتقان، ناماز
ئوقۇغانلارنى دائىم تەنقىد قىلىپ يۈرسە،
تازا ئىمانى يوق بىر نېمىكەن، دەپ تىل-
لاپ يۈرۈپتىكەنمىز. تووۋا، ئەسلىدە ئۇمۇ
مۇسۇلمانچىلىقى بار ئادەم ئىكەن ئەمەس-
مۇ!» دەپ ماختىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ.
بىزدە بىرسى بىراۋنى غايىۋانە ماختاپ
قويسا، باشقىلارمۇ غايىۋانە ماختايدىغان،
بىراۋنى تىللاپ قويسا، ھەممەيلەن قوشۇ-
لۇپ تىللايدىغان، مۇنداقچە ئېيتسام، شەي-
تاننى ماختاۋېرىپ ئەۋلىياغا، ئەۋلىيانى
تىللاۋېرىپ شەيتانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇ-
دىغان ئادەت بار. بۇنى مەن ھەر قانداق
ئادەمدىن ئوبدانراق بىلىمەن. بۇرۇن
مېنىڭ ئەمەل تۇتۇش ئىقتىدارىمنى ماخ-
تىشاتتى. مانا ئەمدى «مۇسۇلمانچىلىق»-
ىمنى ماختاشقىلى تۇرۇپتۇ. ماڭا مۇشۇنىڭ
ئۆزىلا يېتەرلىك!

بىراق، بۇ دۇنيادا ئويلىسام زادى
بولمايدىغان كىچىككىنە غېمىم بار. ئۇنىڭغۇ
غەم دېگۈچىلىكى يوق. لېكىن بىكارچىلىق-
تا، ئويلىمايمەن دەپلا ئويلىمىغىلى بولماي-
دىكەن ... شۇنداق، كىچىككىنە غەم—
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە غەم.
نېمە دەۋاتاتتىم؟ توغرا، ئېسىمگە ئالدىم:
ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشى يادىمغا يەتسىلا،
جىمى ئەزايىمغا تىترەك ئولىشىدۇ. ئاڭ-
لىسام، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىللىگەن
خىزمەت گۇرۇپپىسى ناھىيە دەرىجىلىك
كادىرلارنىڭ ئۆي سېلىش ئەھۋالىنى تەك-
شۈرۈپ بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ. بەزىلەرنىڭ-
كىنى خۇلاسە قىلىپ، غېزىنى غاز، ئۆردى-
كىنى ئۆردەك قىلىپتۇمىش. بىراق مېنىڭ
ئىشىم سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمپىلا كەت-
تى. بۇ، بىر شۇملۇقتىن بىشارەت ئىدى.
شۇڭا ھەر قانچە ئويلىماي دېسەممۇ، بۇ
ئىش دائىم كاللامغا كىرىۋېلىپ، يۈرەك -

www.uyghurkitap.com

باغرىمنى خۇن قىلىۋەتتى. لېكىن بەزىلەرگە كۈلكە بولماسلىق ئۈچۈنلا دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ «غىڭ» قىلمىدىم. ئۇزۇنراق ياشاش ئۈچۈن، داۋالىنىشنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك. بېشىم ياستۇققا تېگىشتىن ئىلگىرى «ناماز»، «روزا» دېگەنلەرنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتىم، تەقۋادار ئادەملەرگىمۇ ئۈلگۈدەك ئۆچ ئىدىم. مانا ئەمدى دىلىمدا ئىمان، تىلىمدا «قۇرئان»، زىكرى قىلىقلىق. ئۇ دۇنيادىمۇ «پەگا»دا قالماسلىققا ئىشەنچىم كامىل. شۇنداقتىمۇ، دىلىمدا بىر قاراڭغۇچىلىق ھۆكۈمران. دائىم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، يىغا تۇتۇپلا تۇرىدۇ. قان بېسىمىم بىر دەم ئاسمانغا چىقىپ كەتسە، بىردەم تەھتى ئەسراغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن دوختۇرلارمۇ ھەيران. مەنلا ئېغىز ئاچمىسام، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرگىزمۇ تاپالمايدۇ...

داۋالانغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتكىلى تۇردۇم. دوختۇرلارمۇ ئالدىمدا خىجالەتچىلىكتە قالدى. مۇنداق ئويلىنىۋەرسەم جېنىمنىمۇ زىيان تارتىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، بەزى ئەڭ يېقىن دوستلىرىمغا تېلېفون بېرىپ تىلەك - تىلەپ باقسام، گويا ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ كېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك: «ھېچنەرسىنى ئۇقالمىدۇق» دەپلا گەپنى ئۈزدى. تۇفى، ئىككى يۈزلىمىچى مۇناپىقلار! قولۇمدا ئەمەلىم بولغان بولسا، ماڭا مۇشۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىشقا ھەددىڭلەر؟ ياق، چوقۇم كەربالانىڭ ئىتلىرىدەك ئالدىمدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ چېپىشاتتىڭلار! خەپ، سەنلەرنىڭمۇ تەختىڭگە دەز كېتىپ باقسۇنچۇ، قانداق ۋايساشقىنىڭنى شۇ چاغدا كۆرۈمىز تېخى!...

«ئائىلە كىرىمى بىلەن ئۆي سېلىشقا سەرپ قىلىنغان پۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ بولغاچ، ئۆيىنىڭ ئىشى «ئىسىپ قويۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئىككى كېچە - كۈندۈز كۆزۈمنى ئاچماي بىخوت ھالەتتە ياتتىم. دوختۇرلارمۇ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، مېنى يېڭىباشتىن ئاياغقا تۇرغۇزدى. بالا - چاقىلىرىمنىڭ چىرايىغىمۇ قان يۈگۈرۈپ، بىر قېتىم يەڭگىللىگىنىچە: «ئۇھ» دېيىشىۋالدى. قېشىمدا تۇرغان تەبەسسۇملۇق چىرايلارنى كۆرگىنىمدە بىر ئاز «تىرىلىپ» قالدىم، مېڭەممۇ سەگەكلەشتى. ئويلاندىم — تاغامدىن «قەرز» ئالغان يىگىرمە مىڭ يۈەننى ئېسىمگە ئالدىم.

«ھۆكۈمەت ئۇ پۇلنى مېنىڭ كىرىمىمگە قوشمىغان ئوخشىمامدۇ؟ چوقۇم شۇنداق، چوقۇم: «بىر ئادەم شۇنچە جىق پۇلنى خەققە قەرز بېرىپ، نەچچە يىلغىچە قايتۇرۇۋالمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟» دەپ گۇمانلانغان گەپ! مەيلى، گۇمانلىنىۋەرسۇن! قانچە گۇمانلانسا شۇنچە ياخشى! ... ئاھ، دادامنىڭ ئورنىدىكى باش پاناھىم، مېھرىبان تاغام!...»

ئولتۇرسام - قوپسام ئەڭ قىيىن شارائىتتا بېشىمغا سايىۋەن بولۇۋاتقان ئاشۇ شەپقەتچىمنى ئويلايتتىم. بىر چاغلاردا ياشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ يۈرگەنلىكىم، ھەتتا بەزىدە دىلىغا ئازار بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە قاتتىق كايىيتتىم. مۇشۇ قېتىم باش ئۈستۈمدە ماراپ تۇرغان بالا - قازادىن تىنچ - ئامان قۇتۇلۇپلا كەتسەم، ئۇنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەش، مەڭگۈ ئۇنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ، سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىققا قەسەمياد قىلدىم. دائىم ئۇنى سېغىناتتىم. ئەپسۇسكى، بىرەر ئايدىن بۇيان ئۇ زادىلا بويىنى كۆرسەتمىدى.

«بەلكى ئىشى بەك ئالدىراشتۇ؟ بىر

جېنىغا كۈنلۈكى تۆت - بەش مىڭ يۈەنلىك سودا بولىدىغان ئىككى ئاشخانىنى باشقۇرماق ئاسانمۇ؟! قولنى بوشىتالمىغان. پۇلى جىقنىڭ غېمىمۇ جىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ...»

كېيىنچە، ئۇنى ئەسلىمەيدىغان بولدۇم. بىراق تاسادىپىي بىر ئىش ئۇنى بىر دەمدە ئېسىمدىن چىقماس قىلىۋەتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سوت خادىملىرىنىڭ ئۆلچەملىك كىيىمىنى كىيگەن، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، — دېدىم قىمىرلاپمۇ قويماستىن. مەن كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتىم. ئۇنى «ياتىقىمغا ئازغىنىپ كىرىپ قاپتۇ» دەپ قىياس قىلدىم، — كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سىزنى، — ئۇ، ئىشىكنى يېپىپ، مەن تەرەپكە يېقىنلاشتى، — ئىسمىڭىز زاھىر غەنىغۇ دەيمەن؟

مېڭەمدىن كىرگەن ئوت تاپىنىمدىن چىقتى. «نېمىدېگەن يوغانلىق بۇ؟ نەدىكى بىر سېرىق تۈك قاسقان شەپكىنى كىيىۋېلىپلا، مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ يۈرىدۇيا! مەن كىم؟ ئۇ كىم؟ خۇددى بىر گۇناھكارغا مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك ئەلپازىنى قاراڭ ئۇنىڭ! يا شىماللىق بىر نەرسىمۇيا؟ بەلكى شۇنداقتۇر. كاللام ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدەك ئىشلەۋاتاتتى. ئۆزۈمنى باستىم. شىماللىق خەق قائىدە - يوسۇننى بىلمىگەچ، مەن تۈگۈل، رەئىس، نازىرلارنىمۇ «سىز» لەۋېرىدۇ. بەلكى ئۇ، ھەممە كىشى مېنى «زاچۇجاڭ» دەيدىغانلىقى، ھەتتا خوتۇنۇممۇ ئىسمىمنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي «دادىسى» دەپ چاقىرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ ...»

— ھەئە، مەن، — خۇشياقماسلىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدىم. سىز بىلمەيسىز، مۇنداق ئادەملەرگە سەللا ئوچۇق چىراي بېرىپ قويسىڭىز، قاسقان شەپكىسىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، سىزنى بىر دەمدىلا يەردىكى خەسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە مەن چوجاڭلىق تەختىمدىن ئايرىلغان بولسامۇ، تېخى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بەزى يېڭى چوجاڭلارنىڭ مەن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشىغا نەچچە قوغۇن پىشىشقى بار. پېقىر بۇنداق قوڭالتاقلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا قالتىس ئۇستا، — مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ھەئە، — ئۇ، ئەلپازىمنىڭ يامانلىقىنى بىلدىمۇ ياكى بۇ قوپال مۇئامىلەمنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدىمۇ، كارىۋىتىمنىڭ ئايىقىدا ئۆرە تۇرغىنىچە سومكىسىنىڭ سىرىتمىسى بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى. قولى كالۋالىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، — سىزدىن سوراپ ئېنىقلايدىغان بىر ئىش بار ئىدى.

ئۇ ماڭا بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇزاتتى. ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدۇم! بۇ، دەل مەن بىر چاغدا تاغامغا يېزىپ بەرگەن ھېلىقى «ھۆججەت»نىڭ فۇيىن نۇسخىسى ئىدى.

«بۇ نېمە ئىش؟ بۇ ھۆججەت قانداق بولۇپ بۇ ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟...»

خىيالىم ئۈزۈلمەستىن، جاۋاب سوت خادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقتى:

— ھاشىم ئاخۇن ئۇستام ھۆججەتتىكى پۇلنى تەلەپ قىلىپ، سوتىمىزغا ئەرز سۇنغانىكەن. رەھبەرلىك سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىڭ ناچارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مېنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. مانا بۇ ھاشىم ئاخۇن ئۇستامنىڭ سوتىمىزغا سۇنغان ئەرزى

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى ۋاراق قەغەزنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم. قاسقان شەپكە تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدىم بېشىم بىلەن ئۇدۇلدىكى لۆم - لۆم ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلىپ، — مەن بۇنى ئوقۇپ باقاي.

قاسقان شەپكە ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، مەندىن قىلچە ھېيىقماستىن يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، تىللاپ ياتاقتىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدۇم. كۆزۈم قولۇمدىكى ئەرزگە چۈشكەندە، ئۆزۈمنىڭ ئەيىبكار، ئۇنىڭ سوراقچى ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، نىيىتىمدىن ياندىم. خۇدۇمنى يوقاتتىممىكىن - تاڭ، ئەرزنى نەچچە قېتىم ياندۇرمىلاپ ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغانسېرى ئاچچىقىم كېلىپ، مېڭەم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىيتتى. ئەرزدىكى كەسكىن تەلەپ، قاتتىق تەلەپپۇزلار گۆش توغراش ماشىنىسىغا ئوخشاش، يۈرىكىمنى بۇردا - بۇردا قىلىۋېتىپ باراتتى.. چىشلىرىم بارغانسېرى كىرىشىپ، ئاغزىمنى ئىسكاپ بىلەن مىخلاپ قويغاندەك، كالپۇكلىرىمنى مىدىرلىتالمايتتىم. چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرىمنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتەلمەيتتىم ...

«بۇ قىرىنىڭ نېمە پوق يېگىنى بۇ؟ — ئاخىر ئېسىمنى يىغدىم، — نامىنى سوتقا سۆرەپ يۈرگىچە ئۇدۇللا قېشىمغا كېلىپ، دەيدىغان گېپىنى يۈز تۇرانە دەپ، ئالدىغىنىنى ئالسا بولماسمىدى! — ئەرزگە تىكىلگىنىمچە بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم، خىيالمۇ سۈرمۇدۇم، كاللامۇ ئىشلىمەيتتى. بىر چاغدا، قولۇمدىكى قەغەز تېلېۋىزور ئېكرانىغا ئايلاندى. ئاۋۋال ئېكراندا كۆككا بىر سايىنى كۆرگەندەك، تاغامنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك؛ ئاندىن ئۇنىڭ مەسخىرە ئارىلاش تەبەسسۇملۇق چىرايىنى، قاۋۇل بەستىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ۋاي توخۇ يۈرەك، ۋاي ئەخمەق! — دەيتتى ئۇ يېرىمى دېگۈدەك ئالتۇن بىلەن قاپلانغان يالغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مۇغەمبىرانە ھىجىيىپ، — مۇشۇ ھالىڭغا شۇنچە يىل يۇرت سورىغانمىدىڭ؟ ھۆكۈمەتنىڭمۇزە، تازا كۆزى يوق ئىكەن جۇمۇ! ئۇتۇپ - تېشىپ سەندەك بىر نېمىگىمۇ شۇنچە كاتتا ئەمەل بېرەمدىغان!؟ ھا - ھا - ھا ... ھوي دىتى يوق ئاتكاللا، تاغاڭنى بوش چاغلاپ يۈرۈپتىكەنسەن - دە؟ قاراپ تۇر، شۇنداق ئەدىبىڭنى بېرەيكى، ئاناڭدىن ئەمگەن سۈتۈڭنى بۇرنىڭدىن تامغۇزۇپ، تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتەي! ...»

— ھۇ «پۇل» دېسە، تاپقان دادىسىنى بوغۇزلاشتىن يانمايدىغان ئوغرى! — ئاغزىمدىن ئوت چاچرىتىپ تاغامنى تىللاپ كەتتىم. قاسقان شەپكىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — تاغاممۇ تېخى ... ئەزرائىلدىن جان تالىشىۋاتسام، قىلغان ئىشىنى ئۇنىڭ! ... ئۇنىڭ بۇنچىۋالا پەسلىكىنى بىلگەن بولسام...ھەي...ئۇنىڭغا ئېيتىڭ: مەن ساناتورىيىدىن چىققىچە سەۋر قىلىپ تۇرسۇن. ئۇچامدىكى كۆكلەك - تامبىلىمنى سېتىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېتىمەن، — قاسقان شەپكە خاتىرە يېزىشقا باشلىدى. مەن ئاغزىمنى تېخىمۇ قويۇۋەتتىم، - مەن تېخى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىيەلمىگۈدەك دەرىجىدە نامراتلىشىپ كەتكىنىم يوق! ھېلىغۇ مەن تىرىك، ئالىمادىس ئۆلۈپ - تارتىپ قالسامۇ، خولاساندەك تۆت ئوغۇل، ئىككى قىزىم بار. دادىسىنىڭ قەرزىنى چوقۇم تۆلەيدۇ! ... ئۇنىڭغا دەڭ: ھازىر قولۇمدا ئۇنچىۋالا جىق پۇل يوق، بۈگۈن ئۆيدىن كىم چىقسا، شۇنىڭغا ئەھۋالنى

ئېيتاي. ئېسىمنى ساتسا سېتىپ، ئۇ
مۇناپىقنىڭ پۇلىنى تەييارلاپ قويسۇن. خەپ!
«قارىغۇنى ياردا قىستاڭ» دەپ، مېنىڭ
مۇشۇ هالدا تۇرغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ،
تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلمىغىنىغا تويغۇز-
مايدىغان، بولسام ...

ناهايىتى ئۇزۇن قايىندىم. قاسقان شەپكە
بەش ۋاراق قەغەزنى بوياپ بولدى.
ئۆزۈممۇ ھېرىپ، ئاغزىممۇ تېلىپ كەتكەنى-
دى. تىللاشتىن توختىدىم. بېشىم ئاغرى-
ۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دورا ئىچىدىغان
ۋاقتىممۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇسسىغىنىمدىن ئاغزىم شىلىمشىپ
كەتكەنىدى.

— ئۇكام، — دېدىم قاسقان شەپكىگە
بىچارىلارچە تىكىلىپ، — خاپا بولماي
كىچىككىنە چاي قۇيۇۋېتىڭە! دورامنى
ئىچىۋالاي ...

گېپىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەستىن قاسقان
شەپكە چۇراپ ئورنىدىن قوپتى - دە،
خاتىرە يازغان قەغەزلىرىنى ئىككى لۆم -
لۆم ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىل-
غان چاي شىرەسى ئۈستىگە قويۇپلا، چاي-
داندىن پىيالىغا قايناق سۇ قۇيدى. چىرايىم
بەكلا ئۆزگۈرۈپ، كېسەل سىنجى كىرىپ قال-
غان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ بىر
خىل ئەندىشە، ھېسداشلىق ئالامىتى پەيدا
بولدى. پىيالىنى ماڭا ئىككى قوللاپ سۇن-
دى. پىيالىنى ئالغىچە قولۇم تىترەپ كې-
تىپ، پىيالىدىكى قايناق سۇنىڭ بىر
قىسمى بىلىمىنىڭ تۆۋىنىنى يۆگەپ ئولتۇر-
غان يوتقانغا تۆكۈلدى. ھودۇقۇپ كەتكى-
نىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان
قاسقان شەپكە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ئاپلا ... — دېۋەتتى، — مەن
دىققەتسىزلىك قىلىپ ...

— ھېچقىسى يوق. قولۇم تىترەپ كې-
تىپ ... — قولۇم تېخىمۇ تىترەپ، بىر
يۇتۇم قايناق سۇنى تەسلىكتە ئوتلىدىم، —
يەنە سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.
خاپا بولماي دورامنى ئېلىۋېتىڭە!

بېشىم بىلەن شىرە ئۈستىدىكى قاسقان
شەكىللىك سۇلياۋ قۇتىچاقنى ئىما قىلغانى-
دىم، ئۇ دەرھال تەلىپىمنى ئورۇندىدى.
مەن دورامنى ئىچىۋېلىپ، پىيالىنى ئۇنىڭ-
غا بەردىم - دە، گەۋدەمنى كارىۋاتقا
تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتىم. تىنىقىم ئىچىم-
گە چۈشمەي ھاسىراپ، كەينى - كەينىدىن
«ئۇھ» تارتىپ، كۆزلىرىمنى قىيا
يۇمۇۋالدىم.

— دوختۇرنى چاقىرايمۇ؟ — دېدى
ئەمدىلا قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە قويغان
قاسقان شەپكە ئۈستۈمگە ئېگىشىپ. چىرايى-
دىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — دېدىم
چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ھازىرلا ئۆتۈپ
كېتىدۇ. قان بېسىمىم تۇيۇقسىز ئۆرلەپ
كەتكەن ئوخشايدۇ. بىردەم يېتىۋالسام
ئوڭشىلىپ قالىمەن ... «ياتنىڭ ياندىن
ئۆتەر، تۇغقاننىڭ جاندىن» دېگەندەك،
تاغامنىڭ پەسلىكى بىر ئاز كۆڭلۈمگە
تەگدى ... نېمانداق ئۆرە تۇرۇسىز؟
ئولتۇرۇڭ. سورايدىغان سوئالىڭىز بولسا،
ئولتۇرۇپ سوراڭ! ...

— سوئالىمغۇ بار، سىلىنى بىئارام
قىلىپ قويارمەنمىكىن، دەپ ...

ئەمدى ئۇنىڭ باياتىنقى ھەيۋىسىدىن
ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ «سىلى -
ئۆزلىرى» دېگىنىنى ئاڭلاپلا ئىچىمدە كۈل-
دۈم. ئۇ باياتىنقى جايىغا ئولتۇردى.

— سوراۋېرىڭ! سىزنىڭ ئورنىڭىزدا
مەن بولسامىمۇ شۇنداق قىلاتتىم.
سىز قانۇننىڭ ۋەكىلى. مەن
بۇنى چۈشىنىمەن. بايا بەك تۇيۇقسىزلىق

ھېس قىلىپ، سەل بىئارام بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ. نېمىنى سوراش زۆرۈر بولسا سوراۋېرىڭ. دالىيىپ يېتىۋالغىنىمنى ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىزلا، سوئاللىرىڭىزغا قۇربىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن ...

— خاتىرجەم يېتىۋەرسىلە. سىلى بىتاپ تۇرسىلا ... باشقا بىر كۈنى كېلەيمۇ يا؟

— ياق! بۈگۈنلا دېيىشمىدىغىنىنى دېيىشىپ، ئىككىمىز ئوبدانراق چۈشىنىش ھاسىل قىلىۋالايلى، كېيىنگە قالسا، ماڭا تېخىمۇ تەس بولىدۇ: سىزنى قاچان كېلەرسىز، دەپ يولىڭىزغا قاراۋېرىپ، سالامەتلىكىم تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ، جېنىمغا قادالغان ئىش بولسىمۇ بۈگۈنلا دېيىشىۋېتەيلى...

ئۇ ناھايىتى قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، مەندىن بىر نەچچە سوئال سورىدى. مەنمۇ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەردىم. ئاخىرىدا ئۇ، تاغامنىڭ يەنە بىر دوستى بىلەن شېرىكلىشىپ، كوچا باشقارمىسىنىڭ پوپايكىچىلىق كارخانىسىنى ھۆددە ئېلىشقا تەييارلانغانلىقى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەدەپ ئۇيان - بۇياندىكى قەرز پۇللىرىنى يىغىۋاتقانلىقى؛ شۇ قاتاردا مەندىكى پۇلنىمۇ...

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزۈمنى باسالماي چېچىلىپلا كەتتىم:

— ئۇنداق ئىش بولسا، ئۇدۇللا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئەھۋالنى دېسىلا بولمىدىمۇ! نېمىدەپ سوتقا ئەرز سۇنۇپ، ئابرۇيىمنى تۆكۈپ يۈرۈيدۇ؟ ھېلىمۇ تاغام بولۇپ قالغىنى...

— ئۆزلىرى بىلەن يۈزلىشىشتىن ئۇيالغان ئوخشايدۇ.

— «ئۇيالغان ئوخشايدۇ؟» شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! ئۇيالغان بولسا، سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىچە، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بىرەرسىنى قېشىمغا ئەۋەتسىلا بولمىدىمۇ؟ ياق، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم باشقا سەۋەب بار!

— بىز ئۇنىڭ بىلەن خېلى تەپسىلىي سۆزلەشتۇق. سىلى دېگەن مۇشۇ گەپلەرنىمۇ دېيىشتۇق. ھەتتا سىلىنىڭ دەرمەھەللىككە بۇنچىۋالا جىق پۇلنى تۆلەش ئىمكانىيەتلىرى يوقلۇقىنىمۇ ئويلاشتۇق. ئەرز يېزىلغانىكەن، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ھۆلۈمدە قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى زۆرۈر تاپتۇق. باشقىچە پىكىرلىرى بولسىمۇ دېسىلە...

— پىكرىمنى بايا دەپ بولدۇم، — ئۇنىڭ گېپىنى كەسكىن بۆلدۈم، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ: بىر مەزگىل سەۋر قىلىپ تۇرسۇن!...

— ماقۇل. مەن پىكىرلىرىنى ئەينەن يەتكۈزەي. بىزمۇ سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھاشىم ئاخۇن ئۇستام نېمە دېسە «ماقۇل» دەۋەرمەيمىز.

— مەن قانۇنغا ئىشىنىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن ... يېڭى گەپ چىقىپ قالسا، ئاۋارە بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمەڭ. تېلېفون نومۇرىمنى يېزىۋېلىپ، تېلېفوندىلا سۆزلىشىڭ.

— خاتىرجەم بولسىلا...

ئۇ تېلېفون نومۇرىمنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ بولۇپ، ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلگەندى، مەن گەپنى چورتلا ئۈزدۈم:

— شۇنداق بولسۇن ئەمسە!

— ماقۇل.

ئۇ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. دىلغۇللۇقتا ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ سورىۋالماپتىمەن.

ئەخمەقلىقىمنى ... ئېتىنى سوراپ ئېمە
قىلاتتىم ئۇنىڭ! ھېلىغۇ ئۇ، نى - نى
كاتتىلارنىڭمۇ ئېتىنى سوراپ يۈرمىگەنمەن.
مېنىڭكىنى ئۇلار بىلسىلا بولمىدىمۇ!؟ رەھ-
بەر بولغان ئادەمدە ئۆزىگە لايىق سالا-
پەت، تەمكىنلىك بولۇشى كېرەك. سالاپەت-
لىك بولغاندىلا خەق سەندىن ھېيىقىدۇ،
ئالدىڭدىن توغرا ئۆتەلمەيدۇ. گېپىڭنى
يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ئۇ سۆز-
لەمسەن، تەتۈرمۇ، ئاغزىڭدىن چىققىنىنى
قانۇن سۈپىتىدە ئىجرا قىلىدۇ. ئالدىڭغا
ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرگە كىچىككىنە ئۇچۇق
چىراي بېرىپ قويساڭ، ئىشخاناڭدىن چىق-
قىلى ئۇنىماي يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ،
ئاغزىغا كەلگەننى كاپىلداۋېرىدۇ. قايسىبىر-
نىڭكىنى ئاڭلاپ، قايسىبىرىنىڭ ھاجىتىنى
راۋا قىلىپ بولۇسەن؟ «خەلقنىڭ چاكىرى
بولۇش»، «ئەمەلدارلىق كىبىرىنى كۆرسەت-
مەسلىك...» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق
گەپ! بىر ئادەمگە مىليارد ئادەم «ياشى-
سۇن!» دەپ خۇشامەت قىلسا بولىدۇكەنۇ،
مەندەك بىر چۇجاڭ قول ئاستىمدىكىلەر-
دىن، ھاجەتمەنلەردىن ئاز - تولا ھۆرمەت
تەلەپ قىلسام، يولى كەلگەندە ئۇلارغا
ئاز - تولا ھەيۋە كۆرسىتىپ قويسام بول-
مامدىكەن!؟ ئۆزۈمدىن كاتتىلارغا قانداق
مۇئامىلە قىلىشنى «چۇجە» چېغىمدىلا بىلەت-
تىم. مەن ئۆز مەنتىقەمگە ھېچقاچان خىلاپ-
لىق قىلغان ئەمەسمەن.

يۇقىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇش، تۆۋەنگە
كۈچ كۆرسىتىش — مېنىڭ خىزمەت مىزا-
نىم، شۇنداقلا تۇرمۇش مىزانىم
ئىدى. شۇڭا بىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە، ئىك-
كىنچىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، شۇنچە
يىل ھوقۇق تۇتتۇم. نى - نى بوران -
چاپقۇنلارمۇ بۇرۇتۇمنى تەۋرىتەلمىدى. بى-
راق، ھەي... نېمە بىلەي، بۇ نەس كېسەل...

شۇنداق، نەس كېسەل بىرلا چاپلى-
شىپ، مېنى تەختىمدىنمۇ، بەختىمدىنمۇ
جۇدا قىلدى. ئۆزۈمدىن ئۆتكەن... ئەسلى-
دە، شۇ كۈنى ھاراق دېگەن نەرسىنى
ئىچمەيدىغان ياكى ئازراق ئىچىدىغان
گەپ ئىكەن! نېمىسىنى ئېيتاي، شۇ چاغدا
ئىچمەيلا قويغان بولسام، ھازىرقىدەك كې-
سەل كارىۋىتىنى قۇچاقلاپ ياتماي، مۇئا-
ۋىن ۋالىيلىق تەختىدە ئولتۇرماسمىدىم!؟
بۇ راست گەپ: شۇ چاغدا مۇشۇ توغرۇلۇق
شەپە بولغان. ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن
ھېلىقى كىشى ئىشىمنىڭ قارارلىشىپ قال-
غانلىقىنى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ قويغان. مەن-
مۇ «ئادىمىگەرچىلىك» قىلىپ ئۇنى تاغام-
نىڭ ئاشخانىسىغا باشلىغان (ئەلۋەتتە، ۋى-
لايەتنىڭ كاتتىلىرىمۇ، تىنىقىمىز تىنىق-
مىزغا كېلىدىغان كۆمەكچىداشلىرىممۇ بار
ئىدى). شىرەگە بىر شىشىسى يۈز يۈەنلىك-
تىن تۆۋەن ھاراقنى يولاتمىغانىدىم. تازا
ئىچىشتى. مەنمۇ «زاچۇجاڭنىڭ پات ئارىدا
يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ئۈچۈن!» دې-
گەن سادالار ئاستىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ،
ھېچكىمنىڭ «كۆڭلى»نى يەردە قويمىدىم.
بىراق، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆزۈم-
نى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش
ئۆيىدە كۆردۈم!

شۇنداق قىلىپ، ماڭا خۇشاللىق ياراش-
مىدى. خاپىلىق بولسا، كەينى - كەينىدىن
كېلىۋەردى: بىر ئوغلۇم مەستلىكتە بىر
شوپۇر دوستىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ قې-
چىپ، ئادەم باستۇرۇۋېتىپ تۈرمىگە كىرىپ
قالدى. بىر قىزىم نىكاھلانماي قورساق
كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئايلىق مائاشى توقسان
نەچچە كويلۇق بىر توختاملىق ئىشچى بى-
لەن بىر ئۆيگە كىرىۋالدى ...

ۋاي دەردلىرىم، ۋاي دەردلىرىم!...

بۇ دەردلەرغۇ ئۇنىڭ - بۇنىڭ سالا -

سۇلىسى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىدىن يامىنى — ئىككى يىل خىزمەتكە قاتنىشالمىغىنىمغا ۋەزىپەمدىن ئېلىنىپ، مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈرۈشتى. لېكىن مەن ئۆلمىدىم. ئۆلۈشنىمۇ خالىمايمەن. مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلا ئادەم. ھەممىسىنىڭ تېنى گۆش بىلەن سۆڭەكتىن تەركىب تاپقان. گۆشمۇ، سۆڭەكمۇ قېرىيدۇ، چىرىيدۇ. مېنىڭ بۈگۈنۈم — ئۇلارنىڭ ئەتىسى. ئۇلار ماڭا قاتتىق رەھىمسىزلىك قىلىشتى. تەڭرى رەھىمدىل ئىكەن: تېخىچە مېنىڭ جېنىمنى ئالمىدى. مەن ناماز ئوقۇشنى — تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشنى ئۆگەندىم. نامىزىمدا ھېلىقى «ئادىمىگەرچىلىك»نى بىلمەيدىغان نانقېپى، سامان قورساقلارنى بولۇشىغا قارغايمەن، كېسەل ئەمەس، ئەجەل تىلەيمەن. يوقلاپ كېلىپ قېلىشسا، يەنە چاندۇرماستىن «ئادىمىگەرچىلىك» قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن. شۇڭا ئۇلار پات - پات دوختۇرلارنى پەي-پەيگە سېلىپ تۇرىدۇ: ئالىي دەرىجىدە كۈتۈلدۈم. ئەڭ قىممەت باھالىق دورا - دەرمان ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن بەھرىمەن بولدۇم. مانا شۇنداق قىلىپ، جېنىممۇ ئامان قالدى!

يەنە بىرەر مەزگىل مۇشۇنداق ئۆتسە، سالامەتلىكىم تولۇق ئەسلىگە كېلىپ، مېنى «ئۆلدى»گە چىقىرىۋەتكەنلەر ئالدىدا «قاس - قاس» دەسسەپ مېڭىپ، ئۇلارنى كەلگۈسى ئورنۇم ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان بولار ئىدىم. بىراق، ھېلىقى ئۆي تەكشۈرۈش قويۇنى مېنى يېڭىباشتىن كارىۋاتقا چاپلىۋەتتى.

قاسقان شەپكە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى يېپىشىغىلا تاغام خىيالىمغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ھېلىقى ساختا ھۆججەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىدىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆزۈمگە زادى ئۇيقۇ كىرمىدى. تۆپە - تۆپىلەپ يىغىلغان ئۇيقۇ دورىلىرىمۇ كار قىلمىدى. يۈرىكىمنى سىقىلغىنىمدىن پۈتۈن ئەزايىم لايدەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىم تورلىشىپ، بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىيتتى. غەزەپ، سىقىلىش، ئاغرىق، ئازاب دەستىدىن تۈنۈنىڭ تاڭ بىلەن ئالمىشىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايلا قاپتىمەن. تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. كارىدوردا ئوپۇر - توپۇر باشلاندى. ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇستىخانلىرىمنىڭ تېلىپ ئاغرىشىغا چىدالماي ئاستا ئورنۇمدىن قوپۇپ، يۈزۈمنى يۇيۇپ تۇرۇشۇمغا قولتۇقىغا ئۈچ ياشلىق بالىدەك يوغان بىر تاۋۇزنى قىستۇرغان، قولىدا بەش كىلو گۈرۈچ پاتقۇدەك قارا سومكىدا لىق بىر نەرسە كۆتۈرگەن تاغام كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا جىمى ئەزايىمغا تىترەك ئولاشتى. سەللا ئۆزۈمنى باسمىسام، يۈزىگە «شالاققىدە» تۈكۈرۈۋېتەتتىم. ئىتتىك تەتۈر قارىۋالدىم.

— تىنچ قوپتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ، ئىشىكنى گەۋدىسى بىلەن يېپىۋېتىپ، — ناشتا قىلىۋالمىغانسەن؟

— ياق! ... — شۇنداق دەپلا قولۇمدىكى لۆڭگىنى كارىۋاتنىڭ ئايىغىغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا يانتۇ تاشلاپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.

— ئاچچىقىڭ كېلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ھى - ھى - ھى... بالىسەن - دە، بالا! ... ھى - ھى - ھى...ھېلىقى سىرتنىڭ دورغىسىدىن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ، تازا ئاچچىقىڭ كەپتۇ - دە! — تاغام قولىدىكى نەرسىلەرنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، خىرقىراپ كۈلگىنىچە تۆپەمگە ئېڭىشتى، — ۋاي ئۆپكىسى يوق ئەخمەق ... قايسى

كۇنى ئىككىمىز نېمە دېيىشكەن؟
مەن زۇۋان سۈرمىدىم.
— پىلانىمنى ساڭا دەپ قويايى دېسەم،
سېنىڭ چاندۇرۇپ قويۇشىڭدىن قورقتۇم.
قېشىڭدىن كېتىپ ئەتىسى دۇكىنىمغا مېھ-
مان باشلاپ كىرگەن بىر چوجاڭدىن
ئۈيۈڭنىڭ ئىشىنى ئېتىپ قويغىنىنى ئاڭ-
لاپ قالدىم. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇنىڭ دېگىنى
راست ئىكەن. شۇڭا بىر كېچە ئويلىنىپ،
ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ،
كالىمىسنى تازا بىر قايدۇرۇۋېتەي دەپ
مۇشۇ چارىنى تاپتىم. سەنمۇ سوتنىڭ كادى-
رى ئالدىدا تازا قاملاشتۇرۇپسەن. مېنى
تىللاۋېرىپ، ئۇنى ئىشەندۇرۇپسەن. ئۇنىڭ-
دىن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ، ساڭا بەك
ئىچىم ئاغرىدى. سېنىڭ مەندىن شۇنچە
جىق پۇلغا قەرزدار ئىكەنلىكىڭگە سوت
ئىشەندى. ئەمدى ھۆكۈمەتمۇ ئىشىنىدۇ.
خەق ئىشەنسىلا، ئىشىڭنىڭ ئوڭغا تارتقىنى
شۇ!.. ئەممازە، ئۆزۈم بۇ ئىشنى قىلىپ
قويۇپ، سەندىن بەك ئەنسىرىدىم. «تاغام-
نىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟» دەپ ئويلىنىۋې-
رىپ كېسىلى ئەدەپ قالارمۇ؟ دەپ كېچە-
چە كىرپىك قاقمىدىم. ھېلىمۇ ياخشى،
تەلىيىمگە بۇنچىلىك تۇرۇپسەن ... قوپە،
ھەر قانچە ئاچچىقىڭ بولسا، ئاۋۋال ناشتا
قىلىپ، ئاندىن مېنى قانغۇچە تىللاپ ئاچ-
چىقىڭنى چىقىرىۋال!...

تاغام مېھرىبانلىق بىلەن ئېڭىكىمنى
سىيلىدى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ئېچىلىپ
كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان
سەممىيلىك ۋە ئاتىلارچە مېھرى-
بانلىقنى كۆرۈپ، يۈرىكىم «شۇررىدە»
ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. «ئەسلىدە مۇن-
داق ئىش ئىكەن - دە! — دەيتتىم ئىچىم-
دە، — ئەقلىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي جې-
نىم تاغا، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان
بەرسۇن! تېخىمۇ روناق تېپىپ كۆكلەپ
كەت! ...»

چۇراپ ئورنۇمدىن قوپۇپ، ئۇنىڭ بوي-
نىغا گىرە سېلىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.
تىلىم پەقەت گەپكە كەلمەيتتى. ئۇنىڭ
باغرىنى دادامنىڭ باغرىدەك ئىللىق سەز-
دىم. سىياقىمۇ، ئاۋازىمۇ، تىنىقىمۇ دادام-
نىڭكىگە ئوخشايتتى. سېخىيلىقتا خىزىرغا،
مېھىر - شەپقەتتە دادامغىلا ئوخشايدىغان
مۇشۇ ئادەم نەچچە يىلدىن بېرى ماڭا ئاز
خەيرىخاھلىق قىلمىدى. كاتتىلار ئالدىدا
يۈزۈمنى يورۇق، ئابرويىمنى يۈكسەك قىل-
دى. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە سايىۋەن
بولدى. ئۇنىڭ ئەقلىلىقلىقىنى قارىمامسىز
تېخى: سوتنىمۇ گۇۋاھچىلىققا تارتىپ،
ئىشنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق توغرىلى-
ماقچى بوپتۇ. ھەي... مەنزە، ئۆتۈپ
كەتكەن دۆت ئىكەنمەن. ئۇنى «تىلىنىڭ
قىسقىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ پۇلنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئوخشاي-
دۇ...» دەپ ئويلاپ يۈرگىنىمنى ... تۇفى!
ئەقلىم قۇرۇپ كەتسۇن!...

ئۇنىڭدىن رەنجىگىنىم، غايىۋانە تىللىغى-
نىم، قارغىغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىل-
دىم. لېكىن ئەمدى ئورنىغا كەلمەيتتى.
شۇڭا ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ ئۇيىلاتتىم،
ئۇيالغانسېرى بەكرەك يىغلايتتىم.

— بولدى، يىغلاۋەرمە، ئۈزۈلۈپ قالى-
سەن، — دېدى ئۇ مېنى ئۆزىدىن يىراق-
لاشتۇرۇپ، — قوپە، يۈزۈڭنى يۇيۇۋېتىپ
ناشتا قىلىۋال. قالغان گەپنى كېيىن دېيى-
شەيلى. بىر كىم كىرىپ قالسا سەت
تۇرىدۇ...

مەن ئىندىمەستىن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا
بويسۇنۇپ، ھاجەتخانىغا كىرىپ يۈز - كۆ-
زۈمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ چىقتىم. تاغام
مېنى كۆرۈپلا ئالدىراتتى:

www.uyghurkitap.com

— بولە، ئەزمەڭنى ئەزمەي، ئىنتىنك ناشتا قىلىۋال.

چاي شىرەسى ئۈستىدە بەش دانە شىرمان نان ۋە نېمىدۇر قاچىلانغان ئىسسىق ساقلايدىغان تاماق قاچىسى تۇراتتى. كۆڭلۈم سۆيۈنگىنىدىن ئۇ نەرسىلەرگە قاراپ:

— نېمانداق ئاۋارە بولۇپ، — دېيىشىمگە، تاغام:

— ئاۋارە بولغىنىم نېمىسى! — تاغام تەبەسسۇم قىلغانىدى، پەرىشتىنىڭكىدەك ئاپئاق، يارىشىملىق ساقىلى كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاۋازى ياشلارنىڭكىدەك جاراڭلىق ئىدى، — بولە، ماۋۇ سوۋۇپ قالمىسۇن، ئېرىك پاخلاننىڭ مۇشەك گۆشى بىلەن شورپىسى. مەن نامازدىن يانغىچە باللارنىڭ ئانىسى تەييارلاپ قويۇپتۇ. تومۇرۇڭنىڭ ئوچۇقىدا قىزىق - قىزىق ئىچىۋال. شورپا سۇيۇدۇك ھەيدەپ، قان بېسىمىڭنى چۈشۈرىدۇ. تاۋۇزمۇ...

ئۇ ماڭا «رەھمەت» دېيىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەي ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى. تاكى مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىلا گېپىنى توختىتىپ، مېنى تويغۇدەك ناشتا قىلىشقا قىستىدى. مەن ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانىدىم. ئۇ نېمە دېسە، شۇنى قىلدىم. «يات يېگىچە، تۇغقان ئۆلگىچە، دېگەن شۇ - دە! — دەيتتىم ئىچىمدە كىملەرگىدۇ كىنايە قىلىپ، — بۇ قېتىم ھەممىسىنى كۆرۈپ قويدۇم. ھەممىسى قولۇمدا ئەمەل بار چاغدا ئايىغىمدا ئۆمىلەپتىكەن... خەپ! ئۇ نېمىلەرنىڭ مۇنداق يۈزسىزلىك قىلىشىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام...»

ئاچچىقىمدا ياكى خۇشاللىقىمدا شۇنداق قىلغىنىم ئېسىمدە يوق، شورپىنى پۈتۈنلەي ئىچىپ تۈگەتتىم، گۆشنىڭمۇ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاق سالدىم. كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە كېكىرىك ئۇتقانلىدىلا يېيىشتىن توختىدىم.

— ھە، تازا ئوبدان قىلدىڭ، — دېدى تاغام رازىمەنلىك بىلەن، — ئوغۇل بالا دېگەن گالغا بوش تۇرمايدىغان!...

ئۇ ماڭا بىر مۇنچە مەسلىھەت كۆرسەتتى. ئاستىرتتىن تەنبىھمۇ بەردى. مەن: «ماقۇل»دىن بۆلەك گەپنى ئاغزىمدىن چىقارمىدىم. ئارىلىقتا، نۆۋەتچى سېستىرا دورا ئەپكىردى. قالغان گۆشنى ئىككى ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئۈنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. تاغامغا چاي دەملەپ بەردىم. ئەتىگەنلىك دورامنى ئىچىۋالدىم. تاماكا چېكىشنى يامان ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، خۇمارىم تۇتقىنىدىن ئىچىم تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەدەب يۈزىسىدىن چەكمىدىم. ھاجەتخانىمۇ ياتىقىمىنىڭ ئىچىدە بولغاچ، بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىقىپ كىرگىلىمۇ بولمايتتى. بەك تىتىلداپ كەتتىم. تاغام ھېلى - بېرى مەن بىلەن خوشلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەيدەم يەل بىلەن تولۇپ كەتكەندەك تولا كېكىرىۋېرىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلەيلا دەپ قالدىم. تاغام بۇنى سەزمەيۋاتقاندەك بىر گەپنى ئۈن قېتىم تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى قانداق ئاسرىشىم، قانداق ئوزۇقلىنىشىم... توغرۇلۇق مۇنەججىملەرچە چۈشەندۈرۈپ كەتتى. كېيىن، گەپنىڭ تېمىسىنى تۇيۇقسىز بۇراپ:

— مېنىڭ سوتقا ئەرز قىلغىنىمدىن ئەمدى خاپا بولماسسەن؟ — دېدى.

— ياق، — دېدىم كېسىپلا، — تۈنۈگۈنكىياقى تازا خاپا بولغانىدىم، بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ...

— ئۇنچىلىك بولسا خۇداغا شۈكرى. سېنىڭ بېشىڭ ئارام تاپمىسا، مېنىڭ يېگىنىم غىزا بولامدۇ؟! بىز بۇ ئۆيۈننى

ئۇيناۋېرەيلى: سەن مېنى خەقلەرگە تىللاپ بېرىۋەر، مەنمۇ سېنى قەرزنى تۆلەشكە قىستىغان بولاي ...

ئۇنىڭ مېنى پېشكەللىكتىن ئەگىتىپ ئۆتكۈزۈپ، جېنىمغا جان قوشقۇچى گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى مەيدەم بوشاپ، كاللام سەگىپ، يۈرىكىم خۇشال تىپچەكلەشكە باشلىدى. تاماكا دېگەن نەرسە خىيالىمغا كىرىپمۇ قالمايتتى. كەيپىم چاغ، ۋۇجۇدۇم يەڭگىل، روھىم كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۆزۈمنى ھەر قانچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقان بولساممۇ، چىرايىمدىن غالىبانە تەبەسسۇم ئۆكسىمەيتتى.

تاغام بىردەم شۈك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكام، كۈندە بىرەر ۋاق ناماز ئوقۇپ قويۇۋاتقانسەن؟

— ئوقۇۋاتىمەن.

— بۈگۈنچۇ؟

— بۈگۈن... مەن دۇدۇقلىدىم، — بۈگۈن كېچىچە ئۇيقۇم قېچىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن...

— ئوبدان قىلماپسەن، — ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — خەير، بۇمۇ بوپتۇ. سەن بىتاپ بولغاندىكەن، ياراتقان ئىگەم دەرگاھىدا مەغپىرەت قىلار...

ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى. خىجىللىقتا كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتىم. مەن جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە ئەمدىلا ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزۈمنى ئېچىپلا كۆرگەن بىرىنچى ئادىمىم مۇشۇ تاغام ئىدى. ئۇ، كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، ئايەت ئوقۇپ ماڭا ھۈرۈۋاتقانىكەن. بىزدە سەكراتتا ياتقانلارغا ئايەت ئوقۇپ ھۈرۈپ، «ئىمان سۈيى» ئىچكۈزۈدىغان ئادەت بار ئەمەسمۇ؟

مۇشۇ ئىش خىيالىمغا كېلىشى بىلەنلا يۈرىكىم «قارت» قىلىپ، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يۇمۇلدى. جىمى ئەزايىمدىن چىملىق - چىملىق تەر ئېقىپ كەتتى. بىئارام بولغىنىمدىن، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلگۈم كېلەتتىيۇ، ئۆرۈلەلمەيتتىم. ئۇ يەر - بۇ يېرىمنى مىدىرلىتىپ باققىم كېلەتتىيۇ، مىدىرلىتالمايتتىم. ھېچبىر ئەزايىم ئۆزۈمگە بويسۇنمايتتى. مەن بىلدىم: ئەجىلىم يېقىنلاپ قاپتۇ، ئەزرائىلنى كۈتۈشۈم كېرەك.

«ئەزرائىل قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئۇنى كۆرۈپلا جېنىم چىقىپ كېتەرمۇ ياكى ئۇ ھەممە كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، بۈگۈنى بىر ئەزايىمنىڭ، ئەتىسى بىر ئەزايىمنىڭ جېنىنى قىيناپ، ئانامدىن ئەمگەن سۈتۈمنى بۇرنۇمدىن تامغۇزۇپ، بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا «داد!» دېگۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئىشنى ئاياغلاشتۇرارمۇ؟ ئەي خۇدا ...»

مۇشۇنداق ئويلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆزلىرىمنى «لۆممىدە» ئېچىۋەتكىنىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. تاغام:

— ئۇكام، زاھىر ئاخۇن، مەن كىممۇ؟ — دېگەندىلا ئېسىمگە كەلدىم.

ئەتراپىمنى كۆزلىرى ياشلانغان خوتۇن - باللىرىم ئوراۋالغانىدى. ئۇلارنى كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلىدىم.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ...

— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا، دادا! — دېگەن سادالار تەرەپ - تەرەپتىن يېغىپ كەتتى. دوختۇر، سېسترالارمۇ قېشىمدا پەيدا بولدى.

مەن ھايات قالدىم!

كېيىنچە، تاغام مېنى ھەرقېتىم يوقلاپ كەلگىنىدە، ماڭا مۇسۇلمانچىلىق ۋە ئىمان توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايە سۆزلەپ بەردى. ئايەت ئۆگەتتى. «ئاخىرەتلىكىڭنى ئويلاپ،

ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنگىن!...» دېدى. مەن
ماقۇل بولدۇم. مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ
تاپشۇرۇقىنى بىجانىدىل ئورۇنلاپ كېلىۋا-
تاتتىم. بىراق، بۈگۈن...

تاغام سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتتى ۋە ئالغان-
دىن كېيىن سورىدى:

— سەندىن ھالال - ھارام توغرۇلۇق
سورىسام ئاچچىقلىق كېلەرمۇ؟

مەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭ
كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدىم.

— دۇنيادا كىشىنىڭ ھەقىقىدىنمۇ ھارام
نەرسە بارمۇ؟

مەن كېسىپلا جاۋاب بەردىم:

— يوق.

— سىنىڭ مۈلكۈڭگە ئانچە - مۇنچە
ھارامنى ئارىلىشىپ قالغانغۇ، دەيمەن؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى كاللامنى گاڭگىرىتىپ-
لا قويغانىدى، نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى
بىلەلمەي، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ تۇرۇپلا
قالدىم. يا «ھەئە»، يا «ياق» دېيىشكە
تىلىم بارمايۋاتاتتى. تاغام كۈتۈپ زېرىكتى
بولغاي، يەنە گەپنى كولىدى:

— بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچ-
كىم يوق. تارتىنماي دەۋەر!

ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ قۇتۇل-
غىلى بولمايتتى.

— بولسىمۇ باردۇ، — دېدىم سەل
قورۇنۇپ.

— ھە، خېلى راست گەپ قىلدىڭ، —
تاغام غەلىتە كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ بۇ
كۈلۈمسىرىشى ئۇدۇللا بېرىپ يۈرىكىمگە
نەشتەردەك سانجىلدى. چاندۇرماسلىق ئۈ-
چۈن، مەنمۇ زورلاپ كۈلۈمسىرىدىم، —
مەنمۇ سىنى «پارا يەيدۇ» دەپ گۇمان
قىلىپ يۈرەتتىم. ئۆزۈڭمۇ راستىڭنى
ئېيتتىڭ ...

— ئەمدى...

— پۇقرا دېگەن ئاجىز خەق، بەزىدە
بېشىغا كۈن چۈشكەندە «مۇشكۈلاتىمنى
قۇتقۇزۇپ قويارمىكىن» دەپ ساڭا ئوخشاش-
لارغا ئۇنى - بۇنى سۇڭگۇتۇپمۇ قويىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ...

— بۇ گېپىڭگىچىمىزە، خېلى جىق بىر نې-
مە يەپ كېتىپتىكەنسەن - دە!

ئۇ يەنە كۈلۈمسىرىدى. بۇ قېتىمقى
كۈلۈمسىرەش تولىمۇ تەبىئىي ئىدى. مەنمۇ
كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، بەزى سىرلى-
رىمنى دەپ بەردىم. ئۇ، گەپلىرىمنى ئاڭلاپ
بولۇپ، بىر ھازا قاقاقلاپ كۈلدى. مەنمۇ
كۈلدۈم.

— مەندىن قانچىلىك يېگەنسەن؟

ئويلىنىپ تۇرماستىنلا مۇنداق دېدىم:

— قانچىلىك بەرگەن بولسىلا، شۇنچى-
لىك يېگەندىمەن!...

تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ كۈلۈپ
تۇرۇپ سورىدى:

— مەندىن قانچىلىك پۇلغا قەرزدار
بولغانسەن؟

— ھېسابلاپ قويماپتىمەن، — ئۇنىڭ
گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ، چاقچاق
ئارىلاش جاۋاب بەردىم، — ئىشقىلىپ خېلى
جىق... 30 — 40 مىڭ يۈەنچە كېلەر...

— راست گەپ قىلدىڭ. خۇددى دەپتەر
تۇتۇپ خاتىرىلەپ ماڭغاندەك! مەن تېخى...

— «ئۇنتۇپ كەتتى» دەپ ئويلىغانمى-
دىلە؟ — مەن تاغامنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا،
ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم، — دۇكانلىرى-
دا پۇل تۆلىمەي يېگەن بىر قاچا ئاش،
بىر زىخ كاۋاپقىچە يادىمدا بار دېسىلە!

— ئۇنچىلىك بولسا ياخشى ... ئەگەر
مەن تەلەپ قىلسام، ئاشۇ قەرزلىرىڭنى
قايتۇرۇۋېتەلەرسەنمۇ؟

— نېمىشقا قايتۇرمايدىكەنمەن؟ ھازىر
دېسىلە، ھازىر قايتۇرۇۋېتىمەن!

— دېمىسەمچۇ؟

— دېمىسىلە... دېمىسىلىمۇ قايتۇرۇۋەتمە-
سەم بولماس......

— قاچان قايتۇرماقچىسەن؟

— بۇنى ... بۇنى ...

مەن دۇدۇقلىدىم. چۈنكى تاغام دۇكان
ئاچقان سەككىز يىلدىن بۇيان، ھەپتىدە
بىر - ئىككى قېتىم مېھمان باشلاپ باردىم.
دەسلەپ، ئۇنى ھەر قېتىمدا 20 — 30 يۈەن-
گە يېقىتقان بولسام، كېيىنچە مېھمان-
لىرىمۇ ئاۋۇدى، خىللاندى. ئىچىدىغان
ھارىقىمىزنىڭ ئالدى «ماۋتەي»، ئاخىرى
«ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» بولدى. مەن
يىقىلغان ئاشۇ كۈنى يىگىرمىدەك ئادەم
چۈشتىن كېيىن بىر ئولتۇرغانچە، 15 شىشە
«ماۋتەي»نى «ساقايتىپ» بولۇپ ئورنىمىز-
دىن قوپتۇق. مەيلى بۇرۇن، مەيلى كېيىن
بولسۇن، مەن ئۇنىڭغا بىر تيىن تەڭلەپ
باقمىدىم.ئۇمۇ ئېغىز ئاچمىدى.«مانا بېرىمەن،
ئەنە بېرىمەن» دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن
ئۈستى - ئۈستىلەپ قەرزدار بولۇپ كەتتىم.
بەزىدە: «ئۇنىڭ پۇلى كىمنىڭ، مېنىڭ
كىمنىڭ؟ يىغىپ تۇرۇپ، ۋاقتى كەلگەندە
بىراقلا بېرىۋەتمەمدىمەن...» دەپ ئويلى-
سام، بەزىدە: «شۇنچە، جىق يۇرت كاتتى-
لىرىنى ئۇنىڭغا چۈپقەت قىلىپ قويغىنىم
كىچىك ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە تېز روناق
تېپىپ، شەھەردە ‹تۆتىنىڭ بىرى› بولۇپ
قېلىشىغا مېنىڭ چوڭجاڭلىق تاجىم بىلەن
ئۈلپەتلىرىمنىڭ ‹ھە - ھۇ› سى سەۋەب بول-
مىدىمۇ؟ تاغام بۇنى چۈشىنىدۇ. ھەرگىزمۇ
مەن بىلەن ئۇلارنىڭ يېگەن - ئىچكىنىگە
پۇل ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ...»
دەپمۇ ئويلايتتىم. مانا ئەمدى كېلىپ، ئۇ-
نىڭ ئۆزى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچتى. مەيلى
ئۇ چاقچاق قىلغان ياكى مەلۇم مەقسەتنى
كۆڭلىگە پۈككەن بولسۇن، مەن ئۇنىڭدىن
نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار ئىكەنلىكىمدىن تان-
ماسلىقىم كېرەك. تۆلەش مەسىلىسىگە كەل-
سەك، بۇنىڭدىن غەم قىلمىساممۇ بولىدۇ:
خالىسام، ۋاقتى كەلگەندە ئازراق بىر نەر-
سە تەڭلەپ باقسامۇ ياكى بېشىمنى ئى-
چىمگە تىقىپ، قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۈرۈ-
ۋەرسەممۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئادىمىگەرچى-
لىكتىن چىقىپ كەتمىسىلا، بۈگۈن بول-
مىسا، ئەتە ئازراق پۇل تەڭلەپ باقىمەن.
ئەكسىچە بولسا، ئۆزىنىڭ شورى! ھازىرقى
گەپ: ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق.

دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدىم:

— مېنىڭچە بولسىغۇ، ھازىرلا بېرى-
ۋەتسەم... نىمە، ھېلىقى، ھى - ھى، شارا-
ئىت بىئەپ تۇرىدۇ، — ئۇلاپلا چۈشەندۈر-
دۈم، — ئۆزۈم بۇ يەردە... مەن سانا-
تورىيەدىن چىقىپلا...

— ھا - ھا - ھا!... مۇنداق دېگىن...
سەن قانداق قىلساڭ، مەن «ياق» دېمەي-
مەن، — تاغام بىردىن گەپنىڭ تېمىسى-
نى يۆتكىدى، — مەندىكى ھېلىقى ھۆج-
جەتنىڭنى بانكىنىڭ قەرز تالونىغا ئالماش-
تۇرۇپ قويساق قانداق دەيسەن؟

بۇ غەلىتە سوئالنىڭ تېگىگە يېتەلمەي
ھەيران بولغىنىمدىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ
ئىچىگە تىكىلدىم، ئۇ چۈشەندۈردى:

— مەن سوت ئارقىلىق سېنى قەرزنى
دەرھال تۆلەشكە قىستاۋەرسەم، سەنمۇ بىر
نەچچە كۈن ئاغى قىلىپ بېقىپ، بانكىنىڭ
باشلىقى ئاغىنەڭ بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن
«گاچچىدە» يىگىرمە مىڭ يۈەن قەرز ئې-
لىپ ماڭا بەرگەن بولىۋالساڭ، بىرىنچى-
دىن، ھۆكۈمەتتىن قەرزدار بولغان بول-
سەن، ئىككىنچىدىن، ھېساباتىڭ ئېنىق
بولىدۇ. ھەممە ئىشىڭ پۈتتى دېگەن شۇ
ئەمەسمۇ!؟

تاغامنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە ئويلانمايلا

ماقۇل بولدۇم. ئۇستۇمدىن يوغان بىر تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ قالغانىدىم. ئىچىمدە تاغامنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتىم. بانكىدىن شۇنچىۋالا جىق پۇلنى قەرز ئېلىشقا بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئاغىنەمگە تېلېفون بەردىم. «چاتاق يوق، — دېدى ئۇ كېسىپلا، — قانچىلىك لازىم بولسا بېرىمەن، تارتىنما...»

— مانا ، مانا... — دېدى تاغام دولامغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ، — قالتىس تەلىيىڭ بار بالا جۇمۇ، سەن... بۇ ئىشىڭنىڭمۇ ئوڭ كەلگىنىنى قارا! ... مەن قېشىڭغا تولا كېلەۋەرسەم چېنىپ قالىدۇ. سەن چېپىلاسىنى ھەپتە كەينىگە سۈرۈپ بانكىغا بىر پارچە ئىلتىماس يېزىۋەت. مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، ھەممە ئىش پۈتكەندە قېشىڭغا كېلەي. قانداق دېدىم؟ ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

مەن ئويلىنىپمۇ تۇرماستىن، بانكىدىن قەرز سوراپ بىر پارچە ئىلتىماس يازدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

......

ھەپتىدىن كېيىن تاغام يەنە چىقتى. بانكىدىن مېنىڭ نامىمدا يىگىرمە مىڭ يۈەن قەرز ئاپتۇ. بىر چاغدا مەن يېزىپ بەرگەن ھېلىقى «ھۆججەت»نى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يەڭگىل بىر تىنىۋالدىم. ئۇ خوشلىشىپ قايتىش ئالدىدا سومكىسىدىن قېلىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى:

— مە، بۇنى كۆرۈپ باق. بەلكى سەنمۇ دەپتىرىڭگە ئۇدۇللۇق يېزىپ ماڭغان بولغىيتتىڭ؟ ئىككىمىزنى سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ كۆرۈپ كۆڭلۈڭدە سان توختات. «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھېساب ـ كىتابىمىز ئېنىق بولسا، كېيىن كۆڭۈل ئاغرىق تارتمايمىز، — ئۇ سائىتىگە قاردى، — مېنى ماڭاي. سائەت بىر بولۇپ قاپتۇ. سائەت ئىككىدە، پوپايكا توقۇش كارخانىسىنى ھۆددە ئېلىش توختامىغا ئىمزا قويماقچى ئىدىم. خۇدايىمغا ئامانەت...

ئۇ كەتتى. نېمە بولدۇمكىن ـ تاڭ، ئۇنى «خوش» دەپ ئۇزىتىپمۇ قويماپتىمەن. ھېلىقى دەپتەرنى تۇتقىنىمچە ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتىم. تېخى ئۆز قولۇم بىلەن يېزىپ، ئالتە نەپەر چوجاڭنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋالغان ھېلىقى «ھۆججەت»مۇ بار. كاللام ئىشلىمەيۋاتاتتى. كاللاملا ئەمەس، جىمى ئەزايىم يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەر يىقىلىپ چۈشسە چوڭ خەتەر چىقارمىش. «يىقىلىپمۇ چۈشەرمەنمۇ؟ توختا، پەم بىلەن ئولتۇرۇۋالاي. ئولتۇرۇۋالالايمەنمۇ زادى؟...»

مىڭ تەسلىكتە لۆم ـ لۆم ئورۇندۇققا ئەپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئارقامغا قاڭتىيىپ، كۆزلىرىمنى مەھكەم يۇمدۇم ـ دە، خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. «تاغام بانكىدىن مېنىڭ نامىمدا قەرز ئالغان پۇلنى قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئەجەب بىر نېمە دېمىدىيا... بەلكى ئۇنتۇپ قالغاندۇ... سوراپ باقسام بوپتىكەن. ئەجەب دۆتلۈك قىپتىمەن... ئۇ پۇلنى ئۆيدىكىلەرگە بېرىپ قويدىمۇ يا؟ ...»

بىتابلىق ئادەمنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇۋېتەمدىكىن ـ تاڭ، كاللامغا ئاشۇ يىگىرمە مىڭ يۈەن كىرىۋېلىپ، زادى ئارام بەرمىدى. يۈرىكىم ھېلى سول كۆكسۈمدە، ھېلى ئوڭ كۆكسۈمدە سوقۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىسسىپ كېتىپ، يۇڭ كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ،

ئېچىۋەتتىم. كۆزلىرىم يۇمۇقلۇق بولسىمۇ،
سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقىنىنى تۇيۇپ
تۇرۇپتىمەن. بېشىم قاپاقتەك ئېسىلىپ،
كۆزلىرىم قۇم تىققاندەك چىڭقىلىپ كېتىـ
ۋاتاتتى. ئاغزىم قۇرۇپ، لەۋلىرىم گەز باغـ
لاپ كەتتى، پات ـ پات تىلىمنى تامشىپ
قويۇمەنۇ، دەس قوپۇپ بىر پىيالە چاي
قۇيۇپ ئىچىشكە ھەپىسلەم يوق. جېنىم ئىـ
چىمدە قېچىپ يۈرگەندەك نېمىدۇر بىرـ
نېمە ھېلى سول كۆكسۈمنى چىشلىسە، ھېلى
كانىيىمنى بوغۇپ نەپەس ئېلىشىمنى
قىيىنلاشتۇرىدۇ...

«ماۋۇ دەپتەردە نېمىگەپ باردۇ؟»

بىر خىل قىزىقىش كۆزلىرىمنى ئېچىشـ
قا مەجبۇر قىلدى. رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالـ
غاندىن كېيىن، بىر ئاز غەيرەتلىنىپ دەپـ
تەرنى ۋاراقلىدىم. ژۇرنال چوڭلۇقىدىكى
بۇ دەپتەر كەم دېگەندىمۇ يۈز ئەللىك
ۋاراق چامىسىدا بولۇپ، ۋاراقلارنىڭ ئالـ
دى ـ كەينى بەتلىرى چىرايلىق — رەتـ
لىك يېزىلغان سان ـ سىفىر ۋە خۇش
خەت بىلەن تولغانىدى. خۇش خەت بىلەن
يېزىلغىنى تاماق، سەي، ئىچىملىك... لەرـ
نىڭ تۈرلىرى بولۇپ، سان ـ سىفىرلار
ئۇلارنىڭ باھاسى ۋە سانىنى كۆرسىتەتتى.
بۇ سانلارنىڭ يىغىندىسى ئادەم چۆچۈگۈـ
دەك چوڭ ئىدى. ئەڭ كىچىكىمۇ 20 يۈەنـ
دىن يۇقىرى ئىدى. ئادەمنى تېخىمۇ
ھەيران قالدۇرۇدىغىنى شۇكى، ئېنىق ئاي،
كۈن يېزىلغاندىن تاشقىرى ئاشۇ كۈندىكى
تاماققا داخىل بولغانلارنىڭ ئىسمىمۇ ناھاـ
يىتى ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن چىرايلىق
قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى. دېمەك، تاغام
ئاشپۇزۇل ئاچقان مۇشۇ سەككىز يىلدىن
بۇيان مەن بۇ ئاشپۇزۇلدا نېسى يېگەن
بىر قاچا ئاش، بىر زىق كاۋابنىمۇ قالـ
دۇرماي خاتىرىلەپ ماڭغان. گوۋاھچى سۇـ
پىتىدە مەن بىلەن ھەر قېتىملىق تاماقتا
بىللە بولغان چوڭ ـ كىچىك ئولپەتلىرىمـ
نىڭ ئىسمىنى سوراپ يېزىپ قويۇشنىمۇ
ئۇنتۇمىغان. تېخى بەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىـ
دىكى كىچىك جەمئىينى كۆك رەڭلىك ماي
قەلەم بىلەن؛ بەت ئاخىرىدىكى ئومۇمىي
جەمئىينى قىزىل رەڭلىك ماي قەلەم بىلەن
كۆزگە چېلىقارلىق قىلىپ يېزىپ قويغىنىـ
نى دېمەمسىز!...

بىرنەچچە بەتنى كۆرۈپلا مېڭەمدىن تۈـ
تۈن چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ «ماۋتەي»،
«فېنجيۇ»، «ۋۇلياڭيې» دېگەن خەتلەر يېـ
زىلغان بەتلەردىكى قىپقىزىل قاندەك يالـ
تىراپ تۇرغان ئۈچ خانىلىق، تۆت خانىلىق
رەقەملەرنى كۆرگەندە، يۈرىكىمنى كىمدۇر
بىرى ئامبۇردەك كۈچلۈك قوللىرى بىلەن
مۇجۇپ ئاغزىمدىن تارتىۋېلىۋاتقاندەك نەپـ
سىم قىسىلىپ، ئۆرىسىگە تىنىپ قالاتتىم...

چىدىمىدىم. يىگىرمە ۋاراقچە كۆرۈپلا
كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، ۋۇجۇدۇم قارا
تەرگە چۆمۈپ كەتتى! دەپتەرنىڭ قولۇمدىن
چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. ئۇنى
يەردىن ئالغۇدەك مادارىممۇ يوق ئىدى.
«ئېلىپ نېمە قىلىمەن؟ ئۇنى ئىككىنچىلەپ
كۆزۈم كۆرمىسۇن!!!»

ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەپسۇس،
مەندە ئۇنداق جۈرئەت يوق ئىدى. ۋارقىـ
راش ئۇياقتا تۇرسۇن، كارىدوردا كىمنىڭـ
دۇر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان
ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ، قاتتىقراق نەپەس
ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. پۇتلىرىم مەندىن
ئىجازەتسىزلا ئىشقا چۈشۈپ، دەپتەرنى ئوـ
رۇندۇق ئاستىغا ئىتتىرىۋەتتى. ھايال ئۆتـ
مەي بىلدىمكى، پۇتلىرىم مەندىن كۆپ
ئەقىللىق ئىكەن. مېنى چوڭ بىر پېشكەلـ
لىكتىن — دەپتەردىكى تاغام بىلەن ئىككىـ
مىزدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدىغان ھېلىقى

رەقەملەرنىڭ جاراستانغا ئاشكارىلىنىپ،
چاۋامنىڭ چىتقا يېيىلىپ كېتىشىدىن ساقـ
لاپ قالدى!

پۇتلىرىمغا رەھمەت!پۇتلىرىمنى رۇسلاپ بولـ
غىچە ياتىقىمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قوشنا
ياتاقتىكى دوستۇم — ھېلىقى «ھۆججەت»
كە گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئىمزا قويۇپ بەرـ
گەن دوستلىرىمنىڭ بىرى كىرىپ كەلدى.
قولۇمنى كاللامدىن چاقنان كېلىپ، «ھۆجـ
جەت»نى پۇرلاپلا يانچۇقۇمغا سېلىپ
ئۈلگۈردى.

......

دوستۇم كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە قېـ
شىمدىن مىدىرلىمىدى. سۆزلەپ سۆزىمۇ
تۈگىمىدى. شۇنداق بىزار بولدۇمكى، قوـ
لىقىمنى موم تىقىپ ئېتىۋالغۇم كېلىپ كەتـ
تى! پۇتلىرىمنى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ
قويۇپ دالىسىپ يېتىشىممۇ، ئارىلاپ ـ
ئارىلاپ ئەسنىشىممۇ، «ئۇھ» تارتىشىممۇ
ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتەلمىدى. بىرلا نەرسە —
كىمدۇر بىرىنىڭ يەنە بىرەيلەننى كەچـ
لىك تاماققا چاقىرغان ئاۋازى ئۇنىڭ
ئۈنىنى ئۆچۈردى:

— تاماققا چىقمامدۇق؟ — دېدى ئورـ
نىدىن قوپۇۋېتىپ.

— پەقەت بىر نەرسە يېگىم يوق تۇرـ
دۇ، — دېدىم ئەسنەپ تۇرۇپ، — سىز
چىقىۋېرىڭ...

ئۇ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ سەل يەڭگىلـ
لەپ قالغاندەك بولدۇم. بىراق، ھېلىقى
دەپتەر يادىمغا كېلىشى بىلەنلا ئىچىمگە
مۈشۈك كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇشقا
باشلىدىم. ئالدىمدا تاغام مېنى مەسخىرە
قىلىپ ھىجىيىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتـ
تى. كاللامدا بىر ـ بىرىدىن غەلىتە، بىر ـ
بىرىدىن قورقۇنچلۇق سوئاللار كېزىپ يۈـ
رەتتى. ئەمما، ئۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرـ
لىك جاۋاب تاپالماي تىت ـ تىت بولغىـ
نىمدىن تۇختىماي بېشىمنى قاشلايتتىم.
پۇتلىرىمنى بىر سوزۇپ، بىر يىغاتتىم، ئۇـ
يان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئېغىنايتتىم. ئېغىناـ
ۋېرىپ، ئاستىمدىكى بولۇت چىقىدىلىپ
كەتتىمۇ ـ تاڭ، ھېلى ئۇ يېرىمگە، ھېلى
بۇ يېرىمگە پېتىپ ئاغرىتاتتى. يىغلاپ تاشـ
لىغان بولسام كېرەك، ياستۇقنىڭ ئۇ يەر ـ
بۇ يېرى ھۆل تۇراتتى. مەن يىغلاپتىمەن،
ياستۇقنى شۇنچىۋالا ھۆل قىلغۇدەكتۇدەك
يىغلاپتىمەن!

«ئاھ، خۇدا! نېمە ئىش بۇ؟»

خۇدا سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى، خۇدا
مېنى تاشلىۋەتكەنىدى: نىكۈنكى ماڭا كېسەل
چاپلاشتى، شۇنىڭدىن بېرى ھېچ ئىشىم
ئىلگىرى باسمىدى. دەرد ئۈستىگە دەرد،
خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق كېلىۋەردى.
دوستتىنىمۇ، دۈشمەندىنىمۇ، ياتتىنىمۇ، تۇغقانـ
دىنىمۇ خاپىلىق كەلدى. ھۆكۈمەتمۇ، قول
قاناتلىرىممۇ مېنى تاشلىۋەتتى. ئەمدى مېـ
نىڭ ھېچكىمگە لازىمىم يوق. ھەممىسى
مەندىن زېرىكتى. باشلىقلار گەپ ئارىسىدا
مېنى داۋالاشقا نەچچە ئون مىڭ يۈەن كەتكەنـ
لىكىنى دارتىملايدىغان بولۇۋېلىشتى.دوختۇرـ
لارمۇ مەندىن «ھەشقاللا» تاما قىلىشىدۇ. بالىـ
لىرىممۇ دېگەن قاراغا يارىمايدۇ... بىلىمەن،
ھەممىسىگە پۇل كېرەك. ھەممىسىگە مېنىڭپۇلۇم
كېرەك. ھۆكۈمەت: «ئازراق بەرسەك» دېسە،
باللىرىم: «دادىمىزدىن جىقراق قالسا» دەيدۇ!
ھەممىسى قىسىدۇ. مەن ئۆلسەم بىرىنىڭ
بىرمۇنچە پۇلى ئايلىپ قالىدۇ، بىرىگە
بىرمۇنچە بايلىق مىراس قالىدۇ. ھەممىسى
مېنى ئۆلتۈرمەكچى. مەندىن نەپ ئالماقـ
چى!... ھېلىمۇ ياخشى، بىرمۇنچە پۇلىمىزـ
نى خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزدىن بۆلەك

ھېچكىم بىلمەيدۇ (ئۇنى خوتۇنۇم نەگىدۇر
يىغىشتۇرۇۋەتكەن). ئەگەر بۇ پۇللارنى بانـ
كىدا قويۇپ سالغان بولساق، ئېھتىمال مېـ
نىڭ ئۇستۇمدىكى تەكشۈرۈش يالغۇز ئۆي
بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئىقتىسادىي جەھەتـ
تىنمۇ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ قالدىـ
كەنمەن. ئۇ چاغدا... ئايىغىنى ئويلىماي!

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۆيمۇ، تالامۇ ئوخـ
شاشلا قاراڭغۇ. قار توختىماي يېغىۋاتىدۇ.
ياتاق ئىسسىپ كەتتى، مەنمۇ ئىسسىپ كەتـ
تىم. قورساقنىڭ ئاچقىنىدىنمۇ ياكى ئىسـ
سىپ كەتكەنلىكتىنمۇ، جىمى ئەزايىم تەرـ
لەشكە باشلىدى. ئىچىمدە ئىت تالىشىۋاتـ
قاندەك بىر خىل ساراسىمە. بىرەر ئەزايىمـ
نى مىدىرلىتىشقىمۇ ھەپىسلەم يوق. «مۇشۇ
ياتقان پېتىم بىر ئۇخلاپلا مەڭگۈ...»

ياق! سارالڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن
تېخى ياشىشىڭ، ئۇزۇن يىل ياشىشىڭ
كېرەك!...

توغرا، مەن ياشىشىم كېرەك. دوستلىرىم
ئۈچۈن، دۈشمەنلىرىم ئۈچۈنمۇ تېخى ئۇزۇن
يىل ياشىشىم كېرەك. ئامېرىكىدا ئەمەلدارـ
لار، پۇلدارلار ماڭا ئوخشاش كېسەلگە گىـ
رىپتار بولۇپ قالسا، تېبىنى تاكى ئاشۇ
كېسەلنى يۈز پىرسەنت ساقايتالايدىغان
دورا كەشپ قىلىنغۇچە توڭلىتىپ ساقلايدىـ
كەن. ئەگەر مەن بۇ يەردە ئەمەس، ئۇ
يەردە بولۇپ قالغان بولسام چوقۇم
شۇنداق قىلاتتىم. بىزدە ئۇنداق
تېخنىكا يوق. بولغان تەقدىردىمۇ،
ھەممىدىن بۇرۇن مىنىستىر، ئۆلكە باشلىـ
قى... دېگەنلەر ئۆزىنى توڭلىتىپ ئۇخلاپ
يېتىپ، يەنە يۈز يىلدىن كېيىن يۇرت
سوراشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئۆزۈمگە كەلـ
سەم، مەندەك بىر كىچىككىنە چوجاڭغا نەدە
ئۇنداق ئىمتىياز!؟ ئەگەر پۇل بىلەن ئېرىشـ
كىلى بولسا، بۇ باشقا گەپ ئىدى... پۇل؟

توغرا، ھازىر «پۇل بولسا، جاڭگالدا شورـ
پا» بولۇپ كەتتى. ئەگەر يەنە بىرنەچچە
يىلغىچە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ چۈـ
شى بۇزۇلماي، ۋەزىيەت ھازىرقىدەكلا تۇـ
رۇپ بەرسە، ئامېرىكىغا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ
تەرەققىي تاپقان بىرەر دۆلەتكە بېرىپ
ماكانلىشىپ تازا ئوبدان داۋالىنسام ياكى
تېنىمنى توڭلىتىۋەتسەم ئىش پۈتمىدىمۇ!؟
شۇنداق قىلاي، چوقۇم!... ھازىر چەت ئەلگە
چىقماق ئاسان بولۇپ كەتتى. مىڭ كوينى
بىرىنىڭ قولىغا «غاچچىدە» تۇتقۇزساقلا
«تۇغقان»مۇ، «ۋىزا»مۇ تەييار بولدى دې-
گەن گەپ! ھېلىقى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇ-
زىنى، ئايدا بىر قېتىم كىيىمىنى يۇمايدىـ
غان ياماقچى قوشنىمىز مىڭ كوينىڭ كۆزىـ
گە ياغاچ تىقىپلا ئەنجاننى كۆرۈپ كەلدى.
ئۇنىڭ نېمىدەپ ماختىنىپ يۈرگىنىنى بىـ
لەمسىز؟ «ئاران ئۈچ مىڭ كويلۇق مال
ئېلىپ چىقىپتىم، يۈز نەچچە مىڭ سوم
پۇل بولدى، — دەيدۇ ئۇ سورىغانلارغا، —
پۇلنى سومكىغا قاچىلاپ، ئايروپىلان بىلەن
بىر ئايلانغىلى تۇرۇپتىكەنمەن، ئۈچ ئايدا
ئالەمنىڭ يېرىمىنى كېزىپ بولدۇم. قارىسام،
سومكامدىكى پۇلنىڭ ئوندىن بىرىمۇ خورىـ
ماپتۇ... ھەرنېمە دېگەن بىلەن، پۇلنى پۇل
تاپىدىكەن»... ھازىر ئۇ، بۇرۇنقى كۈن
بويى خېرىدار كۈتۈپ كوزىسىدا مۈكچىيىپ
ئولتۇرىدىغان نامرات ياماقچى ئەمەس، بەلـ
كى شەھەر بويىچە ئەڭ باي ۋاپۇرۇچىلارنىڭ
بىرى (دۇكان ئىجارىسىغىلا ئايدا بەش
يۈز يۈەن تۆلەيدۇ)! قوشلاپ موتسىكلىتى، كونـ
راق بولسىمۇ پىكاپى بار. موزدۇزلار ئۇنىڭ
زاكالەت پۇلىنى خەجلەپ قويۇپ، بۇيرۇتـ
مىلىرىنى ئۈلگۈرتۈپ بولالماي ھەيران...

قىسقىسى، ئۇنىڭ كۈنى مېنىڭ كۈنۈمـ
دىن كۆپ ياخشى!

ھەسەت قىلغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

كاللا ئىشلىتىپ، يول تېپىش كېرەك!

«يول؟» بۇغۇ ئاسان ئىش، قىيىنى — ئالتە خانىلىق رەقەمنى چېگرىدىن قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتىش... توغرا، تاموژنىدىكى ھېلىقى... ياماقچىنىڭ تۆت خانىلىق رەقىمىگە ئىككى خانا قوشۇلغان يەردە، مېنىڭكىگە قوشۇلماي قالامدۇ؟!

«ھېسابلاپ باقايچۇ: بىر مىليون، ئون مىليون... ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق پۇل بۇ! ئەگەر ئاغامدىكى ھېلىقى پۇلمۇ قولۇمدا بولغان بولسا، مىللىئونېر دېگەن مەندىن كاتتا بولامتى!؟ داچا، پىكاپ، ئايروپىلان، ئاندىن... دوختۇرلار: ‹ئەتە ئۆلىسىز› دېگەن چاغدا، تېنىمنى ‹گاچچىدە› توڭلاتقۇزۇۋېتىپ، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىخارامان ئۇخلىۋالسام... نېمىشقىمۇ بالدۇرراق مۇشۇنى ئويلىماي، ئۆزۈمنى قىيناپ يۈرگەن بولغىيدىم؟ ئۆزۈممۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق...»

ئويلىغانسېرى كاللام سەگىپ، ئۆزۈمنى ھېلى كۆك قەرىدە ئۇچۇپ يۇلتۇزلار بىلەن مۆكۈدىشىۋاتقان، ھېلى دېڭىز - ئوكيانلاردا ئۈزۈپ سۇ ھايۋانلىرىنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان، ھېلى دۇنيادىكى مەشھۇر جايلار — قەدىمىي ئاسارە - ئەتىقىلەر، باغچىلار، سەيلە - ساياھەت رايونلىرىنى ئايلىنىپ قانغۇدەك تاماشا قىلىپ، بىر ئۆمۈر تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاسماندىكى، يەردىكى، دېڭىز - ئوكياندىكى، ئىشقىلىپ، تۇپراقنىڭ تېشىدىكى جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتىم. باقىي دۇنيادىكى جەننەتنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتىم. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى كىشىلەرنى ئالداپ «جەننەت بېلىتى» سېتىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ رەسۋاسى چىققاندى. ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىپتىمىش. بەلكى ئۇ جەننەتنىڭ بېلەتلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالغىنى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ يولىيالمىغاندۇ؟ كىم بىلىدۇ تېخى، ئۇدۇللا دوزاخقا كىرىپ تۇتىرۇق بولۇپ كەتتىمۇ؟ ... مەن ئۇنداق قىلمىدىم. مەن «جەننەت بېلىتى» ساتىدىغان ئىشنىمۇ، ئالىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدىم. ئادەم ئالدىمىدىم، زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلەتمىدىم. ھالال ئىشلەپ يۈز تاپتىم، پۇلمۇ تاپتىم. ئۆتمۈشتە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بېيىتىش ئۈچۈن، يۇرت - يۇرتقا مەنسەپكە بەلگىلەيدىكەن. بېيىش يولى — پۇقرادىن پارا ئېلىش ئىكەن. بىزدە مۇنداق ئادەت يوق. مەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن چاغدا، ئەمەلداردىن ئىت - مۈشۈكۈممۇ يوق ئىدى. قانداق بولۇپ شۇنچە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇپ قالغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران. خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىدىم. خىيانەت قىلمىدىم، پارا ئالمىدىم. ئانامدىن تۇغۇلغان چاغدىكى پاكلىقىمنى ئىزچىل ساقلىدىم. ئانچە - مۇنچە سوۋغا قوبۇل قىلغىنىم راست، ھەرگىز تېنىۋالمايمەن. ئۇنى خەق ئايىغى بىلەن مېڭىپ، قولى بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە ئەپكەلگەن. ئىككى قوللاپ ئالدىمغا قويۇپ: «لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ...» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ، توققۇز تەزىم بىلەن كەينىچە مېڭىپ ئىشىكىمدىن چىقىپ كەتكەن. ھەممىسى ئەينى چاغدا «سوۋغا» دېگەن نەرسىنى ئەمدى بەزىلەرنىڭ «پارا» دېگىنى نېمىسى! ھازىر مېنىڭ ئەمەلىم بولمىغىنى بىلەن ئۇنداقلاردىن كۆرمىڭىغا دەرس بەرگۇدەك قانۇن ساۋاتىم بار. ماڭا بەش قولدەك ئايانكى، مەن سوۋغا قوبۇل قىلغانلىقىم توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىلخەت يېزىپ بەرمىگەن. شۇڭا

ھېچكىمنىڭ قولىدا، بىرى، قانۇن ئالدىدا پاكىت بولغۇدەك يازما ئاساسى يوق؛ يەنە بىرى، چۇراپ قويۇپ، قانۇن ئالدىدا يۈرەكلىك ئىككى ئېغىز گەپ قىلالىغىدەك گۇۋاھچى يوق. پاكىتى، گۇۋاھچىسى بولمىغان ئىشقا قانۇن ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى بىزدە كىشىلەرنى تۆھمەت بىلەن ئۇنداق - مۇنداق قىلىۋېتىدىغان چاغلار ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن. ھازىر تۆھمەتخورلار قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇنداق جازاغا ئۇچراشتىن كىم قورقمايدۇ!؟

قورقتى، ھەممىسى قورقتى. مەندىن ئەمەس، ئاساسىي قانۇندىن قورقتى. ھېچكىممۇ «تۆھمەتخور» دېگەن بەتنامغا قېلىشنى خالىمىدى. ھە راست، ھېلىقى بوخوچى ئاغىنەم تۈرمىدە ئۆزىنى چاغلىماي كىچىككىنە شىلتىنىڭ ئېتىپ قويۇۋىدى، ئېغىز - بۇرنى يەملىشىپلا كەتتى. ئەمدى مېنىڭ ئېتىم ئېسىگە كەلسىمۇ يۈرىكى جىغىلدايدۇ...

ياتالمىدىم. ئاستا ئورنۇمدىن قوپۇپ، ئىشىكنىڭ لوكىنى ئىلىۋەتتىم. ئۆي قاراڭغۇ، تالا يورۇق ئىدى. قار توختىغان ئوخشايدۇ. ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. يۇلتۇزلارغا بىردەم قاراپ تۇردۇم. كۆڭلۈم قاراڭغۇ، پۇتلىرىم ماغدۇرسىز ئىدى. قىش كېچىسىنىڭ بۇ چىرايلىق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن ئاسانلا زېرىكتىم. تاغام يادىمغا كەلگەندى، جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. تېخى ئۇنىڭ ھېلىقى دەپتىرى...

چىراغنى يېقىپ، ئورۇندۇق ئاستىدىن ھېلىقى دەپتەرنى ئالدىم - دە، ئولتۇرۇپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. بىر - بىرىدىن چوڭ، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق سانلارنى كۆرگىنىمدە، چېكەمدىن «بۇژ - بۇژ» تەر ئۆرلەيتتى. بەزىدە ئەزايىم تىكەنلەشسە، بەزىدە چىشلىرىم غۇچۇرلايتتى. يۈرىكىم ئالاقىغۇراپ، نەپسىم قىسىلاتتى. كەچكەم قېتىپ، مېڭەم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيتتى. نېمە ئۈچۈنكىن - تاڭ، مەن بۇلارغا پىسەنت قىلمايتتىم. بىر خىل قىزىقىش ماڭا كۈچ، چىدام ئاتا قىلماقتا ئىدى. تاغامنىڭ مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا تۇتقان ھېسابات دەپتىرىدىكى ئەڭ ئۇشۇشاق، پارچە - پۇرات سانلارغىچە چىداپ تۇرۇپ كۆرۈپ چىقىشقا بەل باغلىغانىدىم. ئىچىمدە ئۇنى تىللاپ - قارغاپ، چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ كۆرۈۋاتاتتىم. كۆرسەم - كۆرسەم تۈگىمەيتتى. قوشنا ياتاقلاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بېسىققىلى نىكەم. كارىدورمۇ جىمجىت. لېكىن مېنىڭلا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئەسنەپ، كېرىلىپ، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قويۇمەنۇ، يەنە دەپتەرگە تىكىلىمەن. تېخى يېرىمىنىمۇ كۆرۈپ بولالمىغانىدىم، ۋاراقلار ئارىسىدىن چۈمۈلىنىڭ پۇتىدەك ئۇششاق يېزىلغان بىر پارچە خەت چىقتى. ۋاراقنىڭ بېشىدا مېنىڭ ئېتىم تۇراتتى. ھەيران بولدۇم. ھەيرانلىق مېنى ئۇنى ئوقۇپ بېقىشقا قىستىدى:

«ئىنىم زاھىر ئاخۇن، — دەپ باشلانغانىدى خەت، — ئەسلىدە زادى ئېغىز ئاچقۇم يوق ئىدى. سەككىز يىل كۈتكەن بولسامۇ، سەندىن سادا چىقمىدى. يېقىندا، سېنىڭ نەق - نېسىلىرىڭنى خاتىرىلەپ قويغان دەپتىرىمنى كۆرۈپ باقسام، قەرزىڭ خېلى بار ئىكەن. يۈزۈڭگە سالماي دېسەم، مېنىڭمۇ بىر مورام بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارىمىزدىكى ئالغۇ - بەرگۈدىن باللىرىم خەۋەردار. مەن تاقەت قىلغان بىلەن، ئۇلار تاقەت قىلالمايدىكەن... مەن قىيىلىپ قالدىم، سېنىڭمۇ تېنىڭ ساق ئەمەس. قازايى - قەدەر يېتىپ، ئىككىمىزنىڭ بىرەرسى بەندىچىلىك قىلساق، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش بالىلىرىمىزغا قالدۇ. ئۇلار چىرايلىقچە بىر - بىرىنى رازى قىلىۋەتسىغۇ خۇداغا شۈكرى، بولمىسا، گۆرىمىزدە ئۆرە ئولتۇرىدىغان گەپ. مەن جىق ئويلىنىپ، ھېلىقى پۇلۇڭنى قەرزىڭگە ھېسابلاپ ئېلىپلا سەن بىلەن رازىلىشىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىم. سەندە ئاشقىنىغا مەن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى... سېنىڭ كۆڭلۈڭنى دېسەمغۇ، بىر تىيىنمۇ ئالمسام بولاتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ھەركىمنىڭ ئۆيى باشقا، گۆرى باشقا بولىدىكەن. سەن پىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئايروپىلاندا ئۇچۇپ يۈرگەن چاغلاردا، مەن ئۇلاغ ئورنىدا ھارۋا سۆرەپ يۈرگەن. شۇ كۈنلەردىمۇ سېنىڭ ئېلېكترىڭنىڭ يورۇقى مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشمىگەن. مېنىڭ جىنچىرىغىممۇ ئۆچۈپ قالمىغان... ھازىر ئىككىلىمىزنىڭ كۈنى ئوبدان، قولىمىزمۇ ئۇزۇن. مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەتتە ئارىمىزنى ئوچۇق قىلىۋەتمىسەك، كېيىن پۇشايمان يەپ قالىمىز... قايسى كۈنى ئاغزىڭنى تاتىلاپ باقسام، ئۆزۈڭمۇ «بېرىۋېتىمەن» دەپ يۈرۈپتىكەنسەن. ئەمدى يەنە كەينىگە سۆرىمەيلى. مەندىكى ھېلىقى پۇلۇڭ قەرزىڭگە ھېساب بولسۇن. بانكىغا ئۆزۈڭ جاۋاب قىل...»

ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مېڭەم «ۋاققىدە» يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. كېيىنكى قۇرلار ئىمىر - چىمىر سىزىقچىلاردەك، قەغەز ئۈستىدە تىنىمسىز سەكرەيتتى. كۆزلىرىم ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. راستىمنى ئېيتسام، خەتنىڭ ئاخىرىغا قىزىقمايتتىم. ھەممە گەپنى ئۇقتۇم. تاغامغا پۇل كېرەك. پۇل ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنى ئۆزۈم تۇتقۇزۇپ قويغان!... يىگىرمە مىڭ يۈەن ئاز پۇلمۇ؟ مېنىڭ دەسلەپكى يىگىرمە يىللىق ئىش ھەققىمنىڭ يىغىندىسىمۇ مۇنچىۋالا جىق ئەمەس ئىدى، ھازىرمۇ تۆت يىلدا ئاران تاپىمەن! شۇنداق، بۇ جىق پۇل، ناھايىتى جىق پۇل! مەن شۇنچىۋالا جىق پۇلنى ئۇنىڭغا نېمىدەپ تۇتقۇزۇپ قويىمەن؟ ئەيىب مەندە، ئۆزۈمدىن ئۆتكەن. تاغامنىمۇ ئۆزۈمدەك ساددا، ئاقكۆڭۈل چاغلاپ، يۈرەك سىرلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋەتكەن ... ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، بىلىدىغىنى ناھايىتى كۆپ! ئەمدى ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىمدىن پايدىلانماقچى. مېنى «ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ. ھېچ يەردە ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! ئۇ مېنى ئوڭدا قويماقچى بولغانىكەن، مەنمۇ ئۇنى سورۇۋېتىمەن. باجخانا، بازار باشقۇرۇش... دېگەنلەر تېخى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ. باشلىقىغا شۇنداقلا ئىشارەت قىلىپ قويسام...

قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنىڭ بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق!...

بىر چاغدا بىز كۇڭزىنى خاتا پىپەن قىلغان ئىكەنمىز، ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس دانا ئادەم ئىكەن. مەن ئەمدى قايىل بولدۇم: تاش بىلەن تۇپراقتىن بۆلەك ھەممە نەرسىنى نەپسى مىدىرلىتىدىكەن. ئادەممۇ نەپسى ئۈچۈن مىدىرلاپ تۇرمىسا يەر يۇتۇپ كېتىدىكەن. لېكىن، ئوخشاش مىدىرلىغانلارنىڭ رىزقى ئوخشاش بولمايدىكەن. چۈنكى دۇنيادا «تەلەي» دېگەن گەپمۇ بار. تەلەيلىكلەرنىڭ رىزقى چوڭراق، بىتەلەيلەرنىڭ كىچىكرەك بولىدىكەن. مەن تەلەيلىك ئىدىم، مىدىرلاپمۇ، مىدىرلىماي تۇرۇپمۇ باشقىلاردىن كۆپ نەرسىگە ئىگە بولدۇم. يىغدىم، ناھايىتى كۆپ يىغدىم. يىغقانلىرىمنىڭ يۈزدىن توقسان توققۇزى ماڭا بىلازىم نەرسىلەر ئىدى. بالىلىرىم، نەۋرىلىرىم ئۈچۈن يىغدىم. ھېلىقى ئۆيمۇ...

جىمى كاشىلا ئاشۇ ئۆيدىن چىقتى. «ۋالىي، شۇجىلارنىڭكىدىنمۇ كاتتىراق، ھەشەمەتلىكرەك قىلىمەن» دەپ زورۇقۇپ، پۈتۈن سىرىمنى ئاشكارىلىۋېتىپتىمەن. ھۆكۈمەت پېيىمگە چۈشتى، تاغاممۇ نامەردلىك قىلدى. نامەردكە نامەردلىك قىلماق مەردنىڭ ئىشى!

«باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئۇنى ئەدەبلەش توغرىسىدا خەت يازسام بولارمۇ، ياكى قېشىمغا چاقىرتىپ كېلىپ ئاغزىمچە دېسەم بولارمۇ؟ ئاغزىمچە دەي. ئاغزىمچە دېگىنىم دۇرۇس! ئېغىزدا دېگەن گەپتىن خاتىرە قالمايدۇ. ئارىمىزدا گۇۋاھچىمۇ بولمايدۇ. ۋاقتى كېلىپ تېنىۋالسام، ھېچكىم مېنى بىر نېمە قىلالمايدۇ. شۇنداق قىلاي. ئەپلەشمەي قالسا، ھەممە ئەيىبنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىتتىرىپ قويغىلى بولىدۇ... يېزىق دېگەن چاتاق نەرسە: ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئالا بولسا، خېتىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئىككى پۈتۈمنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ. دادام بىلەن بىر قېرىندا ياتقان تاغامدىن كەلگىنى مۇشۇ تۇرسا، مەنسىپنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش كويىدا ئاتا - ئانىسىنىمۇ بوغۇزلاشتىن يانمايدىغان كالتە - سوكال جۇجاڭلارنى ماڭا بۇرۇنقىدەك سادىق دېگىلى بولامدۇ!؟ ھازىر جاھان نازۇك. ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچكىمگە ئىشەنسەم بولمايدۇ!... شۇنداق قىلاي، ئۇلارنى چاقىرتىپ ئاغزىمچە دەي، سېيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندەك ئىش قىلماي...»

كۆڭلۈم «ۋالىلىدە» يورۇپ، كۆز ئالدىمغا تاغامنىڭ بىر چاغلاردىكىدەك ھارۋا سۆرەپ يۈرگەن ئاۋارە قىياپىتى كەلدى. ئۇ يالىڭاياغ، كىيىملىرى جەندە، چىرايى سولغۇن، ھالسىز ئىدى. ھارۋىنى ئىككى قەدەم سۆرەپ بىر توختايتتى. نەچچە ئايلاپ ئۇستىرا تەگمىگەن چاچ - ساقاللىرى تەردە نەملىشىپ، سۇغا چىلىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئارانلا پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى كىمدىندۇر مەدەت تىلەۋاتقاندەك ئەتراپقا ئالاق - جالاق تىكىلەتتى. بەلكى مېنى ئىزدەۋاتقاندۇ؟ مەيلى، كىمنى ئىزدىسە ئىزدەۋەرسۇن، مەن ئەمدى ئۆلسەممۇ ئۇنىڭدەك ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قارا يۈرەككە رەھىم - شەپقەت قىلىپ يۈرمەيمەن. تويدۇم. ئۇمۇ مېنى ئالداپ، ئوشۇق - كېمى يوق يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلۇمنى چىيماقدىۋالغىنىغا بۇرۇن - قۇلىقىغىچە تويسۇن! ھا - ھا - ھا!...

كۆلكەم سىرتقا چىقىپ كەتتىمۇ — نېمە، ئۆزۈممۇ تۇيماستىن ئورنۇمدىن قوپۇپ كېتىپتىمەن. توۋا، نېمە ئىش بۇ؟ پۇتلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك، جايىدىن مىدىرلايمۇ دېمەيدىغۇ... خېلى زورۇقۇپ باقتىم، زادىلا قوزغىلالمىدىم. بىر پۇتۇم بىلەن بىر قولۇم بارغانسېرى قاتتىق ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. سېستىرانى چاقىرىش كۆڭلۈمگە كەچتىيۇ، قانداق چاقىرىشنى بىلەلمىدىم. تېلېفونغا قولۇمنى ئۇزاتماقچى بولغانىدىم، ئۇزۇتالمىدىم. توۋلاي دېسەم، تىلىم مىدىرلىمىدى. نېمە ئىش بۇ؟ زادى نېمە ئىش بۇ!... قۇلىقىمغا تاغامنىڭ زاڭلىق ئارىلاش كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئۇنى كۈلكە دېگەندىن كۆرە، ئالۋاستىنىڭ ھۇۋلىشى دېگەن تۈزۈك. قالتىس ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭ تازا يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، يۈزىگە «شالاققىدە» تۈكۈرۈشكە تەييارلاندىم. بىراق، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ھارۋىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ چىراغچۇ؟ مەن نەدە؟ ئوھوي، نېمىدېگەن چىرايلىق باغ بۇ؟ خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزىغۇ!... ۋاي -

www.uyghurkitap.com

ۋۇي ئاۋۇ قىزلارنى! بىر - بىرىدىن چىرايلىق، بىر - بىرىدىن ئوماق... ئەڭ سەت دېگىنىمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمدىن مىڭ ھەسسە چىرايلىق تۇرامدۇ؟... ئۇلار زادى قانداق ئادەمگە نېسىپ بولار؟ ئەگەر بىرەرسى ماڭا...

«مانا ساڭا...»

جادۇگەردەك بىر موماي، قاچاندۇر كۆرگىنىم چالا - پۇچۇق ئېسىمدە قالغان ئۆلۈكى داۋان بىر موماي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلمەسمۇ، سەسكەنگىنىمدىن ئىتتىك كەينىمگە داجىماقچى بولغانىدىم، نېمە بىلەي، كەينىمدىكى شىرەگە يۆلىنىپ قالدىم. سەللا بىخەستەلىك قىلسام يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتىم. گەۋدەم بىلەن شىرەگە چاپلىشىۋالدىم. كۆزلىرىم مومايدا ئىدى. موماي بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ھاسىسىنى شىلتىپ، غەزەپ بىلەن تىللاپ كەتتى. تونۇدۇم، ئاخىر تونۇدۇم: ئۇ ھېلىقى «بەشتە كابالەتلىك» تۇل خوتۇن ئايزىخان موماي ئىدى. ئۇ ئۆلگەن، بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن ئۆلگەن. ئەمدى قوپۇپ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

مەن تېخى سوراشقا ئۈلگۈرمىگەن بۇ سوئالغا ئۇنىڭ ئۆزى جاۋاب بەردى. ھەر بىر سۆزى يۈرىكىمنى يېرىۋەتكۈدەك سېسىق، زەھەرلىك، ئاچچىق ئىدى. مېنى تىللاپ ئىككى پۇللۇقمۇ قويمىدى. گەپ ياندۇرۇشقا پېتىنالمىدىم. ياندۇرغۇدەك گېپىممۇ يوق ئىدى، تىلىم تۇتۇق - بىقورۇ ئىدىم. ئۇ تىللايتتى، يىغلايتتى، قارغايتتى...

بىلمىدىم، مېنى ئىرىكلەر مەسخىرە قىلغان، بوزەك ئەتكەنىدى، ئەمدى ئۆلۈكلەرمۇ بوزەك ئەتكىلى تۇردى... مەن نىمە بولدۇم؟ ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ؟ «ئاخىرەت» دېگەن مۇشۇمۇ يا؟ ئەي خۇدا!...

موماي قارغاپ - قارغاپ، ھاسىسىنى ئۇدۇللا كۆزۈمگە تەڭلىغاچى بولغانىدى، بېشىمنى قاچۇرىمەن دەپ شىرەگە دوققىدە ئۇسسىدىم. ئۇسسىدىمىۇ، پۈتۈن بەدىنىم لايىدەك بوشىشىپ، پۇتلىرىم گەۋدەمنى قانداقتۇر تۈۋى يوق چوڭقۇرلۇققا سۆرەشكە باشلىدى. مېنى قاتتىق ئويقۇ بېسىۋاتاتتى. قوللىرىم ئۆزۈمدىن ئالدۇراق ئويقۇغا كەتكەن بولسا كېرەك، شىرەگە ئېسىلىۋالالمىدى. پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن. كاسام يەرگە تېگەيلا دەپ قالدى...

«مۇشۇ ياتقىنىمچە قاچان ئويغىنارمەن؟ بامداتقا ئۈلگۈرۈپ قوپالارمەنمۇ؟ ئۆيدە بولسام چوقۇم مەسچىتكە چىقاتتىم... ئۆيۈم مەسچىتكە يېقىن. مەزىن ئاخۇنۇم ھەپتە ئاغرىپ قالسىغۇ، مەزىنلىكنى ئۆزۈملا قىلاتتىم... ئەستا، ئايزىخان دېگەن ماۋۇ دەللە يەنە پەيدا بولدىغۇ! گېلىمنى بوغۇۋېرىپ جېنىمنى چىقىرىۋېتەمدۇ — نېمە؟... ۋاي تاغا، نېمانداق قاراپ تۇرىسەن؟ ھە، ئۇنى كۈشكۈشلەپ، كارنىيىمغا قول سالدۇرغان سەن ئاچكۆز مۇناپىق ئىكەنسەن - دە! خەپ!...»

1992 - يىل ماي، قەشقەر








(داستان)

قۇربان بارات

**1**

يەر تەۋرىگەن، يېرىلغان زېمىن،
خۇدا غەزىپى تۇتقان بىر زامان.
سۇندۇرۇلغان ئۇمۇرتقىسىدىن،
زىلزىلىدە قالغان بۇ ماكان.
شۇندىن باشلاپ،
گۇللەپ تۇرغان بوستانلار ئارا،
پەيدا بولغان چوڭقۇر بىر جىرا.
يەرنىڭ باغرى قالغان ئېچىلىپ،
گويا ئۇندا تەقدىر قىلىچى،
هاسىل قىلغان ساقايماس يارا.
ئايلاندۇردى ئاخىرى سايغا،
كەچمىش يىللار ئاشۇ جىرانى.
كولاپ كەتكەن بوش قىرغاقلارنى،
قىش سۇلىرى، يازنىڭ قىيانى.

**2**

ساي بويىدا قالغان مەلىدە،



قەدى كۆتۈرگەن بىر كونا قورغان.
قورۇ جايىنى ۋە چوڭ بىر باغنى،
ئوراپ ئالغان سانسىز سۇۋادان.
قورۇ ئىچىدىن ئۆتەتتى ئېرىق،
بوستان ئىدى تامام ئېرەكلىك.
باغنىڭ يېرىمى ئىدى مېۋىزار،
شاپتۇللۇق ۋە يۇمران تەكلىك.
باھار كەلسە تۇتىشاتتى ئوت،
سۇۋادانغا، كۆك ئېرەكلەرگە.
گۈركىرەيتتى يېشىل يالقۇنلار،
تىللىرىنى سوزۇپ پەلەككە.
ئۆچمەيدىغان يېشىل يېنىشلار،
قەدىم جايىنى تۇراتتى قوغداپ.
ياكى بۇ —
ئېرەكلەرنىڭ قويۇق قاتارى
نەيزە تۇتقان لەشكەر سىپىدەك
ئالغانىدى ئەتراپىنى قورشاپ.
قىش كۈنىمۇ ئۆچمەيتتى بۇ ئوت،
چوغلىناتتى ھال، كۈمۈش رەڭدە،
بەزەن قىزغۇچ ئۇچقۇن چاچرىتىپ،
ئوت ئىچىدە يېڭى سوقۇلغان —
سوۋۇمىغان نەيزىگە ئوخشاپ...

3

ئېرەكلەرنىڭ يىلتىزى يەرنى
قان تومۇردەك ئالدۇ قارماپ.
يېڭى نوتا چىقسا يىلتىزدىن،
پاخلان بولۇپ ئۆسىدۇ شاخلاپ.
ئۈرۈلىدۇ يېشىل يالقۇنغا،
ئۇنىڭغا ئوت تۇتىشىپ بىردىن.
كۆكلەپ چىقتىم مەنمۇ شۇ كەبى،
بۇ قورغاننىڭ يىلتىزلىرىدىن.
ھەمراھ بولدى بالىلىقىمغا،
تۈكلۈك سارىي، سۇپىلىق ئايۋان.
ئەنجان تاملىق ئاپتاپلىق ھويلا،
قارلىغاچ ئۇۋىلايدىغان پېشايۋان.
بەكمۇ قەدىم ئەلمەي ناخشىسى،
ياغاچ بېشۈكنىڭ تاقىلداشلىرى.
بەزەن خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەن —
سىغىزخاننىڭ شاقىلداشلىرى.
شاماللارنىڭ گۈركىرەشلىرى،
سايدا ئاققان كەلكۈننىڭ ئۈنى،
سەھەردىكى يىغا ئاۋازى،
ۋە قىرائەت — ئاڭلانغان تۈنى،
كۆپ مېھرىبان ئەركىلىتىشلەر،
دادام — ئانامنىڭ سۆيۈنۈشلىرى،
قوشنىلارنىڭ ياخشى تىلىكى،
قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆيۈنۈشلىرى.
چاراسلاپ كۆيگەن جىگدە ئوتۇنى،
ئاشكۆكنىڭ، چامغۇرنىڭ ھىدى،
ھەي، ئۇنتۇلماس بۇ خاتىرىلەر
مېنىڭ ئۈن يىللىق ھاياتىم ئىدى...

4

ئەتىيازدىن تا كەچكۈزگىچە،
مېنىڭ كۈنۈم ئۆتەتتى باغدا.
زېمىن قىشنىڭ قاقاسلىقىدىن —
خالاس بولۇپ گۈللىگەن چاغدا.
قىردا قويۇق ئۆسكەن پىچانلار،
سۆسۈن رەڭدە چېچەك ئاچاتتى.
باغ ئىچىنىڭ زىرائەتلىرى
ھەر خىل رەڭدە ئېتەك ئاچاتتى.
كۆك چېچەكمىدە سارغۇچ زىغىرنىڭ،
ئۇچۇپ يۈرەتتى گۈل ھەرىلىرى.
چۇقۇرلىشاتتى قۇشقاچلار توپى،
ئۆز ئالدىغا سۆزلەپ ھەر بىرى.
ئېرەكلەردە تۈنەيتتى بىر توپ —
ئالمىقانات، قىزىل تۇمشۇق قاغا.
قاقىلدىشىپ كۈندۈزى ئەركىن،
ئىشەنچ بىلەن ياسايتتى چاڭگا.
بېدىلىككە كىرىپ كېلەتتى،
سايدىن چىقىپ بىر كۆل رەڭ توشقان.
قىمىرلايتتى سېمىز گەۋدىسى،
ئوغلاقتەكلا ئىدى ئۇ يوغان.
تىك تۇتۇپ سالپاڭ قولاقلىرىنى،
كۆك بېدىنى يەيتتى ئۇ يالماپ.

قورقۇپ كەتمەيتتى مېنىڭدىن ئانچە،
قىزغۇچ كۆزىدە قويانتى قاراپ.
جىگدىلەرنىڭ ئەگرى شېخىدا
ئولتۇراتتى پاختەكلەرمۇ جىم.
تويغا كەلگەن مويسىپىتلاردەك،
سۈكۈت بىلەن بولۇپ مۇلايىم.
چۈمۈلىلەر، ھەر خىل قوڭغۇزلار
كەم بولمايتتى باغدا ھېچقاچان.
بىللە ياشىغان بۇ ھەممىسىزگە،
ۋەتەن ئىدى بۇ باغ، بۇ قورغان.
باغ ئىچىدە يۈرسەم ئايلىنىپ،
ئەگىشەتتى ئالا ئاسلىنىم.
ئىخلاس بىلەن قولاق سالاتتى،
ياڭرىغاندا ئاۋازىم مېنىڭ.
زۇنۇن قادىردىن ئوقۇپ ئارىيە،
قىلسام لۇتۇننى دېكلاماتسىيە،
سادا بەرسە ياكى تىلىمدىن،
خەمىت ئالىمجان بىلەن زۇلپىيە —
خۇددى كىچىك ئوقۇغۇچىدەك،
ئۇ ئاغزىمغا قالاتتى قاراپ.
ئۇ قوۋۇ ئىدى، ئالدايتتى مېنى،
كېيىن شەپىسىز كېتەتتى يوقاپ.
ئىزلەپ باقسام، بىر كىچىك قۇشنىڭ
ئارقىسىغا چۈشكەن بولاتتى.
يە ئىرىقتا مۆكۈنۈۋېلىپ،
قوڭغۇزلارنى سۈرۈپ ئوينايتتى ...

5

ئىككى تاغنىڭ ئارىسى ئاسمان،
قىش كۈنلىرى قاپلايدۇ تۇمان.
تاغلار قېلىن قار يېپىنىدۇ،
ئوخشايدۇ ئۇلار
كۆرەك تۇماق، ئاپئاق ساقاللىق،
كەڭ يەلكىلىك نوچا بوۋايغا،
ئاپئاق جۇۋا يېپىنىپ ئىلىپ،
ئوچاق يېنىدا ئۈگىدەپ ياتقان.
يىل ئۆرۈلۈپ، سۈزۈلسە ئاسمان،
چىقىدۇ لەرزان ۋە سوغوق شامال.

ئۇ - مەن ئۈچۈن لەگلەك مەۋسۇمى،
ساي بويىغا بارىمەن دەرھال.
قويۇپ بەرگەن لەگلىكىم ئۇچۇپ،
بۇلۇتلارغا قەدەر ئۆرلەيدۇ.
لېكىن چاقپەلەك مېنىڭ قولۇمدا،
ئورالغان ئاڭا لەگلەكنىڭ يىپى،
ئۇزارتىمەن يە قىسقارتىمەن،
لېكىن لەگلەك ئۇنى بىلمەيدۇ.
خۇددى شۇنداق بولدى تەقدىرىم.
قاراڭ بۇ قىسمەت سىمۋولىنى؛
قەدىم قورغان ئۇن ياش چېغىمدا
لەگلەك قىلىپ ئۇچۇردى مېنى —

6

ئۆرلەپ ئۇندىن مەن ئۇچۇپ كەتتىم،
قارچۇغىدەك قاراپ ھەر ياققا.
ئىلىپ كەتتى تەقدىر شامىلى،
مېنى لەگلەك قىلىپ يىراققا.
ئۇچۇپ يۈردۈم ئوتتۇز نەچچە يىل،
ھاياتنىڭ كەڭ ئاسمانلىرىدا.
بەزىمن جۇشقۇن، بەزىدە ھارغىن،
قانات قاقتىم ۋە بەردىم سادا.
بولۇپ كەلدى ھەي بۇ ئاسمانلار،
ئىقلىم كەبى كۆپ ئۆزگىرىشچان.
ئون نەچچە يىل يورۇتسا ئاپتاپ،
ئون نەچچە يىل ئۇچتى شىۋىرغان.
بورانلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىغا
مەغرۇر باقتىم، پەرۋا ئەتمىدىم.
قارا بۇلۇت، چاقماقلار ئارا،
ئۇچۇپ يۈردۈم،
ئۇ چاقماقلارنىڭ
قان ۋە ئوتتەك يالتىرىشىدىن،
قورشاۋىدىن - قورقۇپ كەتمىدىم.
بۇ ھەسەتخور، قىزغانچۇق دۇنيا،
بولدى كۆپ رەت مېنى يوقاتماق.
غەزىپى كېلىپ ئۈچۈشلىرىمغا،
شان ۋە ئالقىش قۇچۇشلىرىمغا؛
مەن يوقالمىدىم،

كۆك ئاسماندىن يوقالمايدىغان،
تىنەپ يۈرگەن بىر غايىب نۇردەك،
بىشىغىمۇ چۈشمىدى چاقماق.
ئىزىقتۇردۇم ئەجەلنى ھەتتا،
يالغان ئۆلۈپ، راستىن تۇغۇلۇپ.
ئۆرلەپ چىقتىم يۇلتۇزغا قەدەر،
ۋە نۇر چاچتىم بىر يۇلتۇز بولۇپ...

7

يۇلتۇزلارنىڭ شانۇ - شەۋكىتى،
ماجىرالىرى ئىچىدە بەزەن،
ئۇنتۇپ قالسام بىر يىل، ئىككى يىل
ئەسلى لەگلەك بولغانلىقىمنى.
ياكى ئازار يىپىگەندە بۇ دىل،
مىنى ئۇچۇرغان تارمۇشتەك ئۇ يىپ
چىققان جايىمغا تارتاتتى مىنى.
ئۇۋىسىغا قايتقان بىر قۇشتەك،
قونار ئىدىم قەدىم قورغانغا.
سالام بىرىپ ۋە قۇچاق ئىچىپ،
قىرىنداشلىرىم، ئاتا - ئانامغا.

8

ئەمما جاھان
ئەلمىساقتىن تا بۈگۈنگىچە،
قىلغان ئەمەس ھىچكىمگە ۋاپا.
ئالمىشىپ تۇردى،
قىش بىلەن ياز،
كۈندۈز ۋە كىچە،
ھىچكىم رازى بولۇپ ئۆتمىدى،
زامانلار ئىنسانغا،
ئىنسان زامانغا،
قىلىپ كەلدى تەنە ۋە تاپا.
تۇغۇلماقلىق بىلەن ئۆلمەكلىك،
گۈللىنىشلەر ۋە خاراب بولماق،
ياخشى كۈنلەر ۋە يامان كۈنلەر،
دەۋران سۈرمەك بىلەن يوقالماق -
چوڭ دەريانىڭ قايناملىرىدەك،
ساما سىلىپ چۆرگىلىگەندە،
پىر قىراشتىن بىشى ئايلانغان،
ئايرىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىقىملاردىن -
ئىقىنلارنىڭ زور ئۇيۇقۇلىدىن،
بۆسۈپ چىقىدۇ، بولىدۇ راۋان
زامان ۋە ماكان،
ھايات يولى، تارىخ ۋە ئىنسان.
ھەر بىر ئۇيۇقۇن بىر تۆمۈر ھالقا،
ئىلگىرىلەيدۇ قاراپ ئىقبالغا،
يەر شارىنى تۇرىدۇ باغلاپ،
مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بىر زەنجىرسىمان.

9

خۇددى شۇنداق،
مەن تۇغۇلغان بۇ تاغلىق جايغا،
تەقدىر سوغۇق نەزەر تاشلىدى،
ھوسۇلسىزلىق ۋە قەھەتچىلىك،
تەبىئەتتىن كەلگەن كۈلپەتلەر،
ئىنسانلاردىن كەلگەن ئاپەتلەر،
ئۇنى قويدى ئوخشىتىپ،
يىگىرمە يىللاپ
كىسەل چۈشكىدە ياتقان مومايغا -
يە ئۆلمىگەن، يە تىرىلمىگەن،
ئۇ تولغۇقنى ئەسلا بىلمىگەن...
ئاشۇ يىللار دادام نائىلاج،
تۇتۇش قىلدى بوستانغا، باغقا،
تىرەكلەرنى كىسىپ بىر - بىرلەپ،
تىگىشىپ يىدى سىرىق قوناققا.
يىگىرمە يىل - ئاز گەپ ئەمەستە!
ئوغۇل تۇغۇلسا بولىدۇ يىگىت،
يىگىت بولسا قىرىقتىن ئىشىپ،
ساقاللىرىدا پەيدا بولار ئاق.
ئۆچۈپ قالدى يىشىل يالقۇنلار،
ۋە قورغاننى قوغداپ تۇرغۇچى -
نەيزىلەرنىڭ ئوتلۇق سىپىنى
يوق قىلدى ئاخىر
زىمىن يۈزىدىن،
جان ساقلايدىغان شۇ ئاچچىق قوناق.
سىڭىۋالدى بۇ نەيزىلەرنى
شەھەرلەردە ياشايدىغانلار،

www.uyghurkitap.com

ئوچىقىدا قالاپ قىلدى كۆل.
بوۋىلاردىن قالغان قورغاندا،
ئاخىرى بېرىپ
تېرەكلەرغۇ ئويياقتا تۇرسۇن،
يىلتىزلىرىمۇ قالمىدى تۇگۇل.
قومۇرۇلۇپ مەزمۇت كۆتەكلەر،
قىرقىلغاندا ئەسىرىي يىلتىزلار،
پەرياد قىلدى قورغان ۋە تۇپراق.
قورغان، مەھەللە، ھەتتا پۈتۈن يۇرت
بولۇپ قالدى قەبرىستاندەك ئاق.
ئامەت قوشلاپ كېلەرئىمىش،
ئاپەتمۇ قوشلاپ.
ئەل ۋە يۇرتقا كەلگەندە ئاپەت،
تاغ كەلكۈنى تاپتى كۆپ ئامەت.
بوشاپ قالغان ساي يوللىرىدا
ئاقتى ئەركىن، ئۆزدى غۇلاچلاپ.
كۆپىيىپ كەتتى ناتونۇش سۇلار،
ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن.
قۇدرەتلىك، ئاچكۆز ۋە ئارسىز،
سۇيۇق لايدەك لۆمشۈپ تەۋرىگەن.
ساي يولىغا پاتماي ئاخىرى،
ئۆزگەرتىۋالدى ئاقار ئىزىنى.
توسالغۇسىز، ئۆكتەملىك بىلەن
قىرغاقلارغا ئۇردى ئۆزىنى.
تىك يارلارنىڭ تېگىنى كولاپ،
ئۆز يولىنى كېڭەيتتى تېزلا.
گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى ۋە ئاقتى،
پۈتۈن مەھەللە - ئۆيلەر، ئېتىزلار.
قەدىم تۇپراقنى كەتتى ئېقىتىپ،
تېخىمۇ سارغايتىپ سېرىق رەڭگىنى.
غايىب بولدى ئۇ ئانا قورغان،
قالدى پەقەت باغنىڭ يېرىمى -
مىسكىن بوشلۇق ...
گويا قەبرىستان،
تاپتاقىر ۋە تاشلاندۇق بولۇپ،
كۈتۈۋالدى بىر قېتىم مېنى ...

10

ئىككى ئېغىز ئۆي قۇراشتۇرۇپ،
يۇرت ئىچىگە يۆتكەلگەنىكەن
مېنىڭ دادام.
كۈتۈۋالدى ئەزىز ئوغلىنى
تېزەك قالاپ ئاش ئېتىپ ئانام.
نېمە بولدۇم، نېمە ئويلىدىم،
كىرپىك قاقماي چىقتىم بىر كېچە.
يېڭى ئۆينىڭ كونا ياغاچلىرىنغا
قاراپ ياتتىم تاڭ ئاقارغىچە.
ئەتىسى،
ئېلىپ كەتتى پۇتلىرىم مېنى،
ئۆزى ئۆگەنگەن ساينىڭ لېۋىگە.
بويسۇنماستىن ئىختىيارىمغا،
بېرىپ توختىدى
باغنىڭ ئېشىپ قالغان يېرىگە.
ئاقىرىپ تۇرغان بۇ ئېتىزلارغا،
قاراپ تۇرۇپ قالدىم مەن ئۇزاق.
كېتەلمىدىم ئايلىنىپ يۇرۇپ،
بالىلىقىمدا ماڭغان قىرلاردىن،
قان قېرىنداشلار -
ئۆلۈپ كەتكەن يېقىنلىرىمنىڭ
تۇپراق بېشىنى .
ئايلىنىدۇ كېتەلمەي شۇنداق.
شۇنىڭدىن باشلاپ،
كەلسەم ھەر قېتىم،
قەدەملىرىم
مېنى باشلاپ بارىدۇ قىزغىن،
ئاشۇ قەدىم، قەدىردان جايغا.
بالىلىقىمنى ئىزلەيمەن ئۇندىن،
باقىمەن ئېتىزلارغا،
باقىمەن سايغا...
ئويغا سېلىپ قوزغايدۇ پىكىر،
مېنى تارتىپ كەلگەن بۇ ماكان.
خىيالىمدا ئوبراز ياسايدۇ،
ھايۋاناتلار، قۇشلار ۋە ئىنسان ...

11

سوغۇق چېچىپ كەچكۈز شامىلى،
يېقىنلاشسا قىش زېمىستانى،

ياز قۇشلىرىنى قويار ئۇزىتىپ،
تاغ - چۆللەرنىڭ بۇ كەڭ ماكانى.
ئۇلار قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن،
توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ،
ئىسسىق ياقلارغا -
ھىندىستاننىڭ جاڭگاللىرىغا،
ۋە ھىند ئوكيان ئاراللىرىغا،
بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ،
سەپەر قىلىدۇ شۇنداق ئۇزاققا.
گويا،
كۆزلەكلەردىن قايتىپ مالچىلار،
كۆچۈپ ماڭغان كەبي قىشلاققا.
دەريالاردا تەۋرەپ شۇرمەللەر،
قۇياش ئىللىق كۈلۈمسىرىگەندە،
ئاسمان كەڭرىپ ۋە سۈزۈكلىشىپ،
يەردە يېشىل ئوتلار ئۈنگەندە -
ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىدۇ،
ئايلاپ ئۇچۇپ بەكمۇ يىراقتىن.
ئۆتۈپ ئاسمان - پەلەك تاغلاردىن،
سانسىز جىلغا،
سانسىز ئوتلاقتىن.
ئۆتىدۇ ئۇلار،
ھىمالايادىكى قار پەرىسىنىڭ
ئاق قاناتلىرى ئاستىدىن ئۇچۇپ،
قار قۇيۇنىدا يېيىلىپ تۇرغان.
قويار ئۇزۇتۇپ،
جىلغىلاردا گۈركىرەپ بوران،
ۋە چىرقىراپ ئاچچىق شىۋىرغان.
ئۆتىدۇ ئۇلار،
كەشمىرنىڭ قېلىن جاڭگاللىرىدىن،
ئوت ئىلاھى - ئاگنىي بىر زامان،
مەشئەل كۆتۈرۈپ يول ئېچىپ ماڭغان
ئاشۇ يوللاردىن،
(باشلاپ كەتكەنمىش،
ئۇ تارىمنىڭ ئادەملىرىنى،
قۇرۇپ كەتكەندە كەڭ تەكلىماكان).
كېلىدۇ ئۇلار،
پەرۋا قىلماي سەپەر ئۈستىدە،
بورانلارغا، شىۋىرغانلارغا،
قۇرغۇيلارغا ۋە يىلانلارغا،
ھاۋادىكى ئاچارچىلىققا،
ماكانىنى ئىزلەپ تىكىپ جان.
ئىزلەپ كېلىدۇ،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇۋىلىرىنى،
دەرەخلەرنىڭ تونۇش شېخىنى،
توقايلىرى، ئېتىزلىرىنى،
ئەجدادىنىڭ يىلتىزلىرىنى...
بۇ ئەسلىنى ئىزلەش ئۇلاردا،
تارىختىن بۇيان،
ئۆتكەن بولسىمۇ سانسىز كۆپ زامان،
ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس ھېچقاچان.
باھار بىلەن تەڭ،
كوئىنلۇننىڭ قار سۇلىرىدەك،
ئېقىن ياساپ كېلىدۇ يامراپ.
تېپىپ ئالىدۇ
بەكمۇ كىچىك ماكانلىرىنى
يىراقلاردىن كەلگەن نىشانلاپ -
يە تامنىڭ كاۋىكى،
يە ئاچىماق شاخ،
يە سايىنىڭ گىرۋىكى،
يە يېرىلغان يار،
يە كونا سامانلىق ياكى پېشايۋان،
كۆلەڭگىسى يە قېلىن تالنىڭ،
ياكى جىرا، يە شالاڭ ئورمان...
ئويلايمەنكى ئۇلارمۇ لەگلەك،
ئۇلار كەتكەندە لەگلەكنىڭ يىپى
شۇ جايلاردىن چىقىپ ئۇزارغان.
ھەي، ئۇ يىپ...
بىلىپ بولماس دەرىجىدە سىرلىق،
قۇدرەتلىك،
غالىب،
ئۈزۈلمەس.
يورۇتقۇچى نۇردەك سوزۇلغان،
ۋە شۇ نۇردەك كۆزگە كۆرۈنمەس...

## 12

ياۋروپادا بولغان چاغلىرىم،
يۇرتداشلارنى ئۇچراتتىم تالاي.
كۆتۈپ ئالدى مېنى ئۆيىدە،
توقسان ياشلىق بىر قېرى بوۋاي -
سانائەتچى ۋە چوڭ سودىگەر،
روناق تاپقان، بېيىغان ئىنسان.
دېڭىز بويىدىكى ئۆيىدە،
قىرغاقتىلا چۈشكەن بىنادا،
قىلغانىدى ئۇ مېنى مېھمان.
يەتكەنىدى قېرىلىق ئاڭا،
مۈكچەيگەن ۋە بىر ئاز جۈدىگەن.
دېرىزىدىن قاراپ دېڭىزغا،
ئاشۇ قېتىم ئۇ مۇنداق دېگەن:
ئەپەندىم!
تاشتەك ئېغىر چۈشكەن ئىكەنمەن،
سەكسەن يىلىم ئۆتتى بۇ ئەلدە،
سەھرالاردا ۋە شەھەرلەردە،
ياۋروپانىڭ رېتىمى بىلەن،
ئۆمرۈم بويى بولدۇم بىر قەدەم.
ئىسپاتلىدىم،
مەن باشقىلار قىلالىغاننى
قىلالايدىغان غالىب بىر ئادەم.
ئەقلىي ھۇشۇم كەم ئەمەس ھېچبىر،
تىجارەتلەردە، رىقابەتلەردە،
چېچەن بولدۇم، سۇنمىدى بېلىم.
بازار، ئۇچۇر، سانائەتلەردە،
كەملىك قىلمىدى مېنىڭدە بىلىم.
نېمە يېڭىلىق بولسا دۇنيادا،
ئىگىلىدىم تېزدىن ھەممىنى.
ھايات، مۇھىت، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى
شۇنداق قىلىشقا ئۆگەتتى مېنى.
لېكىن ئەپەندىم،
بەكمۇ قىزىق ئىش،
ھاياتىمنىڭ بۇ مەزمۇنلىرى،
ئەكس ئەتمەس چۈشۈمدە ئاسان.
نېمە ئىشى بۇ خۇدانىڭ دەيمەن،
بىر خىللا چۈش كۆرەمدۇ ئىنسان؟
باللىقىمنى چۈشەيمەن دائىم،
كۆرۈنۈشلەر تەكرارلىنىدۇ،
شۇنداق كونا، ساددا ۋە لەرزان.
كونا تۈگمەن ۋە ئېگىز ئۆستەڭ،
چاچ - ساقىلى ئاقارغان بوۋام.
ئاپپاق توزان ئىچىدىن چىقىپ،
نامىزىغا ئولتۇرغان مومام.
بوۋام ماڭا چىن تۈمۈر باتۇر
چۆچىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.
دادام دۇتار چېلىپ ئولتۇرۇپ،
غېرىب - سەنەمنى كۈيلەپ بېرىدۇ.
ئانام ئالدىمغا ئېلىپ كېلىدۇ،
غورا سالغان چۈچۈك سۇيۇق ئاش.
يېنىمدا يۈرەر ئالا بويىنچىقىم،
ئۆگىتىلگەن قوزىغا ئوخشاش.
قارا باسسا، ئاشۇ ئۆستەڭگە
لاي-لاتقىلىق ئېقىن كېلىدۇ.
سېرىق يۇڭلۇق نا تونۇش بىر ئىت
ئېغىز ئېچىپ يېقىن كېلىدۇ...
..........
ئويلاپ قالدىم، ئۇ ئۇنتۇپ قالغان،
ئۆزىنىڭ لەگلەك ئىكەنلىكىنى،
تېز رېتىمدە بولۇپ ئالدىراش.
ئەمما ئۇنتۇپ كەتمىگەن ئۇنى،
لەگلەكنىڭ يىپى باغلانغان تۈگمەن،
تەۋرەپ دائىم نۇردەك دولقۇنى،
ئەسلىتىپ تۇرغان ھامان ئۆزىنى،
مەۋجۇتلۇقىنى،
ئويقۇسىدىن تېپىپ بىر پۇرسەت
ھاسىل قىلىپ قىسقا يالتىراش...

## 13

ئۆز مۇھىتى، ئۆز ماكانىغا،
باغلىنىدۇ شۇنداق ھەر بىر جان.
شىمالدا بار بىر مۇزلۇق قىتئە،
مۇز ئاستىدا بولسا چوڭ ئوكيان.
مەڭگۈ ئىللىپ باقماس بۇ زېمىن -
يۇلتۇز شولىسى، قۇتۇپ نۇرلىرى،
مۇز كەپىسى ۋە چانا يولى،
كۆك يالتىراپ تۇرغان مۇزلۇقلار،
ئاق تۈلكىنىڭ تېرىسىدەك ساپ -

تۇزغۇپ تۇرغان قارلىرى بىلەن
بېزەر ئۈزىنى.
ئۇ زېمىنىنىڭ تەكتىدە ياتقان
ئۇيقۇدىكى سوغۇق ئوكيياندا،
كۆرسەن يەنە ھايات ئىزىنى.
مۇز ئوكيانىنىڭ بېلىقلىرى بار،
توپ - توپ بولۇپ ئۈزگەن ۋە ئويناق.
قۇتۇپ قىشىنىڭ ئۇزاق تۈنىدە،
ئاچ - يېشىل رەڭ مۇخلار ئىچىدە،
كۆك مۇزلارنىڭ كاۋاكلىرىدا
ياشايدۇ ئويغاق.
خوپ كۆرىدۇ ئۆز ماكانىنى،
بولغاندىمۇ قاراڭغۇ، سوغاق.
يۆتكەپ قويساڭ ئەگەر ئۇلارنى،
يىراقتىكى ئىللىق دېڭىزغا -
سۇلار ئەركىن ۋە دولقۇن ئۇرغان،
قۇياش نۇرى يالتىراپ تۇرغان...
ئۇلار قايتىپ كەتكەن بولاتتى،
مۇزلۇق شىمالغا،
ئايلاپ يول بېسىپ،
نىشان ئېلىپ قاراپ يۇلتۇزغا...

**16**

ئىنسان قولىدا چۆللەشكەن يەرلەر،
ئۆچ ئالىدۇ ئاخىر ئىنساندىن.
ھە، ئۇلارنى قوغلىۋېتىدۇ،
قۇرۇپ كەتكەن جاڭگال، ئورماندىن.
بۇ يەردە،
ئادەملەرنىڭ كۆپەيگەن توپى
توغراقزارنى كۆيدۈرۈپ، چېپىپ،
ئامبار قۇرۇپ ۋە ئېتىز ئېچىپ،
چۆلگە ئاققان ياز سۇلىرىنى
توسۇپ ئالدى بىر چاغدا تامام.
قۇرۇپ كەتتى كۆللەر، جاڭگالزار،
ئانا تەبىئەت يېدى كۆپ ئازار.
شۇنىڭدىن باشلاپ،
سانسىز توغراق قۇرۇدى چاپسان،
كۆيۈپ قارىداپ - چاقماق چۈشكەندەك،
نوتىلارنىڭ كۆكلەشلىرىمۇ
توختاپ قالدى، بولمىدى راۋان.
تېزىپ كەتتى كېيىكلەر توپى،
غايىب بولدى قۇشلار ۋە توشقان.
كۆچۈپ كەلدى يۇرتنىڭ ئىچىگە،
جاڭگىلىدا ئاچ قالغان ئوۋچى -
ئۆمرى چۆلدە ئۆتكەن بىر بوۋاي،
ئوغۇللىرى بار ئىدى ئۇنىڭ،
بىر - بىرىدىن قاۋۇل ۋە نوچى.
كۆچۈپ دەرھال دېھقانچىلىققا،
يەر تېرىدى، ئۆي - قورۇ سالدى.
چارۋا باقتى، باغ بىنا قىلدى،
ھال - ئوقىتى ئۇنىڭ ئوڭشالدى.
لېكىن تارتىپ قېرى ئوۋچىنى،
ئېلىپ كەتتى ئۇ چۆل ھەر كۈنى.
تازىلاپ - مايلاپ ئېسىۋالاتتى،
ئىشسىز قالغان ئوۋ مىلتىقىنى،
زاغرىسىنى تۈگۈپ بېلىگە،
ۋە توشقۇزۇپ قاپىقىغا سۇ.
قاراپ ئۇزاق ئانا چۆللەرگە،
قۇرۇپ كەتكەن شورلۇق كۆللەرگە،
يوقلاپ ئۆتۈپ ھەر بىر توغراقنى،
قەدىم كەپىسىنى،
ۋە قۇم بېسىپ كەتكەن بۇلاقنى،
تىتەپ يۈرگەن روھتەك سەرگەردان،
بارخانلارنى ئايلىناتتى ئۇ.
بەزەن چۆلدە تۈنەپ قالاتتى،
تونۇش يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ،
قەلبىدە يىغا،
كۆزلىرىدە ئۇلۇغ بىر قايغۇ.
ئەنسىرەپ ئاخىر،
چەكلەپ قويدى ئۇنى ئوغۇللار،
قۇرۇق چۆلنىڭ زىيارىتىدىن.
ئۇ تېرىكتى،
بولۇپ قالدى ئاچچىقى يامان،
ئايان بولدى مەجنۇن بىر ھالەت،
مىجەزى ۋە قىياپىتىدىن.
ئېزىقتۇرۇپ ئوغۇللىرىنى،
قېچىپ كەتتى ئاخىر بىر كۈنى.
قۇم باغرىدىن - كەپە يېنىدىن،
ئۆلۈك ھالدا تېپىشتى ئۇنى.

كۆزلىرىنى يۇمۇپ خاتىرجەم،
ياتار ئىدى چۆلنى قۇچاقلاپ...
ئوغۇللىرى بولدى هازىدار،
ۋە يۇرت خەلقى...
ئاتا بەل باغلاپ!
ماتەم ئەھلى چۆلگە كېلىشتى،
شۇ يەرگىلا دەپنە قىلىشتى.
دېدى ئىمام:
يۇرت ئىچىگە يۆتكىسەك ئەگەر،
روھى چۆلگە قاراپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ روھى بوۋىلىرىنىڭ
توپ روھىدىن ئاجراپ كىتىدۇ.
رەنجىتمەيلى!
رەنجىگەن روھلار،
ئەل ۋە يۇرتنى خاراب ئېتىدۇ...

15

مەڭگۈ كېچە بولماس دۇنيادا،
يورۇق تاڭغا ئۇلاشمايدىغان.
ۋە بولمايدۇ چەكسىز بىر خىللىق،
توختاپ قالغان تارىخ بولمايدۇ،
سىلجىمايدىغان ۋە ئۇخلايدىغان.
سۇ -
ئاققان ئۆستەڭدە يەنە ئاقىدۇ،
ئانا يىلتىز بىخلايدۇ ھامان.
ئاپتاپ كۆرۈپ، تاغلىق يۇرتىمىز،
ئون يىل ئىچىدە ئۆزگەردى تامام.
يەرنىڭ كۈچى كېلىپ ئەسلىگە،
بەرىكەت بېرىپ ھوسۇل پەسلىگە،
يۇرتداشلارنىڭ ئۆزىنىڭ بولدى،
مېھنەت بەرگەن تاغار - تاغار دان.
تۇرمۇش بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى،
پارچە پۇلغا زار بولۇپ ئۆتكەن،
جەبرۇ - جاپالاردا مۈكچەيگەن -
سەۋرچان ۋە چىداملىق دېھقان.
ساي ئىچىدە قېزىپ چوڭ ئۆستەڭ،
تاشلار بىلەن، سېمونت بىلەن
ياساپ پۇختا قىرغاقلىرىنى،
سانجاق - سانجاق كۆچەتنى كۆمۈپ،
ۋە يىلتىزلىتىپ،
پولات چىۋىقلار ئىچىگە ئېلىپ،
دوقمۇشلىرى، توساقلىرىنى،
ئالدىنغاننى ئېلىپ،
يالمايدىغاننى يالماپ بولغان
تاغنىڭ لايقا ئېقىنلىرىنى
سېلىپ قويدى ئۆزىنىڭ ئىزىغا.
ئۇنى يەنە كۆز سالمىسۇن دەپ،
باغلىرىغا ۋە ئېتىزىغا.
قەدىم قورغاننىڭ ئۆلگەن بېغىنىڭ
يېرىم - ياتا ئېتىزلىرىنى
يەر بۆلۈشكەندە،
يات بىرسىگە بەردى تەقسىملەپ،
ئۇ قىرلارنى ياساپ باشقىدىن،
تېرىدى بۇغداي، تېرىدى بېدە.
ئەتراپىدا ئۆستۈردى جىگدە،
تاشلاندۇق يەر كۆكەردى گۈللەپ،
ئۇنىڭ ئىلكىدە.
بۇنىڭلىق بىلەن،
مېنىڭ خاتىرەم بولمىدى خىرە.
بولۇپ قالدى ئۇ جاي مەن ئۈچۈن،
يوقالغان ماكان،
ۋە يېشىل قەبرە ......

16

ھەي، ئاجايىپ ئىش،
تاغلاردا مال ئوتىسىز قالىدۇ،
قار قېلىن چۈشكەن يىلى قىشلاقتا.
قوي - ئۆچكىلەر
قاپلاپ تاغنىڭ ئېتەكلىرىنى،
ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى
ئىزلىشىدۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ،
قارنىڭ تېگىدىن،
زىمىستاندا قاتراپ ھەر ياقتا.
قاتتىق جۇتتا ئۆلمەيدۇ ھەرگىز،
ئىنتىلىدۇ يېشىل كۆكلەمگە.
ئەمما جاھان كۆكەرگەن چاغدا،
يېتىشكەندە شۇ گۈزەل دەمگە،
توپتىن قالماي، تاغلاردىن ئېشىپ،
ئوتلاقلارغا يېتىپ بارغان ئان،
ئاغزى كۆككە تېگىش بىلەن تەڭ،

كۆرسەنكى، بىر مۇنچىلىرى
يىقىلدۇ - تاپشۇردۇ جان.
خۇددى شۇنداق،
ھۇشىغا كەلگەن قىرى زېمىنغا،
دېھقان،
توقچىلىق ئۇرۇقلىرىنى ئەككەندە،
ئۇششىلىپ جاھان،
ئېغىز ئەمدى ئاشقا تەگكەندە،
ئاچ يىللاردا تەگكەن كېسەلدىن
ساقىيالماي كۆز يۇمدى دادام.
كېتىپ قالدى ئۇنىڭ كەينىدىن،
مەنمۇ قېلىپ قالماي دېگەندەك،
مۇھتاجلىقتا مۇكچەيگەن ئانام.
يۆتكەلدى ئۇلار،
تۇپراق ئۈستىدىن تۇپراق ئاستىغا،
سىڭىپ كەتتى يامغۇر سۈيىدەك،
تارىختىن بۇيان،
سانسىز نەسىللەر، مىليون بوغۇنلار،
سىڭىپ يوقالغان ئاشۇ تۇپراققا.
قەبرىلىرى بولدى يانمۇ يان،
يېشىل قەبرە بىلەن قوشۇلۇپ،
ئۈچ تال يىپى بولۇپ لەگلەكنىڭ،
مېنى تارتىپ كەلتۈردى ھامان،
كېتىپ قالامدۇ قانچە يىراققا...

17

مەن يەنە كەلدىم...
بىللە ئېلىپ ئوغۇل - قىزىمنى.
قەبرىلەرنى يوقلىدىم بىر - بىر،
يەنە باردىم سايىنىڭ بويىغا،
گۈللەپ تۇرغان يېشىل قەبرىدىن
ئىزلەپ ئىزىمنى،
يىلتىزلىرىمنى...
بۇ ماكانىنىڭ يېڭى ئىگىسى،
ئۇرۇپ كېتىپتۇ بۇغدايلىرىنى.
ئۇسا قىلىپ چىلگە قوناققا،
تەييارلاپتۇ بۇغداي يېرىنى.
قىردا پىچان سۆسۈن چېچەكلىك،
شۇنداق قۇۋۋەتلىك - مىسالى يىكەن.
گۈللەپ تۇرىدۇ بىر چەتتە بىيدە،
بۇزغۇنلىشىپ ياپ يېشىل ئۆسكەن.
كېپىنەكلەر، گۈل ھەرىلىرى،
چۈمۈلىلەر ۋە سېغىزخانمۇ بار.
قۇشقاچلارنىڭ ئالامان توپى
ئۇچار گۈررىدە،
ئولتۇرىدۇ جىگدە شېخىدا
پاختەكلەرمۇ يەنە جىممىدە،
سېغىزخان شاراقلار ۋە كاككۇك سايرار.
ئەگەشتۈرۈپ بۆجەنلىرىنى،
سايىدىن چىقىپ كەلدى بىر توشقان.
كۆل رەڭ توشقان...
بېدىلىككە كىرىپ يوقالدى،
كۆزىمىزدىن يۈتتى ئۇ چاپسان.
سېلىپ كەتتى يۈرىكىم مېنىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى تۇتتى ھاياجان.
مەن بىلىدىغان سېمىز توشقانىنىڭ
بىلمىدىم ئۇ قانچىنچى نەسلى؟
ھەي، بۇ جانىۋارلار،
قەدىم ماكانىنى
تاشلىمىغان ئىكەن - دە، ئەسلى!
بولمىسىمۇ تېرەكلىك قورغان،
ۋە باراقسان باغ - گۈللەپ تۇرغان.
كېتىدىكەنمىز تاشلاپ ئوۋئايلا،
پەقەت بىزلا - ۋاپاسىز ئىنسان.
ئۇچىدىكەنمىز شامالار بىلەن،
مەن ئۇچقاندەك ئوخشاپ لەگلەككە.
بىلمەيدىكەنمىز لېكىن بەزىدە،
لەگلەك يىپىنىڭ -
زېمىن يىلتىزىغا تۇتاش بۇ يىپىنىڭ،
ئۈزۈلمەس بولۇپ باغلانغىنىنى،
ئۆلمەي ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەككە.
ھە، بۇ ماكان بولغان بىزنىڭكى،
رەھمەتلىك دادام قاراپ بۇ يەرگە،
قانچە - قانچە رەت،
يېغان چەككەن، ئۆكۈنگەندى.
مانا، مەنمۇ قاراپ تۇرىمەن،
چۈنكى بۇ يەردە،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەندى...

1993 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى






ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

«تەكلىماكاننى بويلاپ ئۆتكەندە قورقۇنچلۇق ئاۋازلار، كۈلكە - قىقاس ۋە يىغا - زارلار ئاڭلانغاندەك قىلاتتى».

— ماركوپولو

## 1

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 1 - سانىدا «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق ماقالەم ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «توققۇز ھېكمەت» — كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىپتىخار ئابىدىسى، ئەلۋەتتە. مانا ئەمدى يىپەك يولىدىكى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، يىپەك يولى مەركىزى رايونىدىكى خەلقىمىز روھىيىتىدە ساقلانغان، ئەسىرلەر ۋە قەرنىلەر قوينىدا پاجىئەلىك ھېكايىلەر ۋە ھەسرەتلىك ھادىسىلەر پەيدا قىلىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈستىدە توختىلىشىم تەۋسىيە قىلىنغان ئىلھامبەخش سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. قۇلاقنى يوپۇرۇۋالغىنىمدا كۆز قارىچۇقىمدا



ئەجدىھادەك ئوت پۈركىگەن يالماۋۇز كەمپىر قولىدا يىلان پۆپۈك ھاسىسىنى ئويىنىتىپ، قان قۇيۇلۇپ تۇرغان سۇر كۆك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا يېپىشىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ چەكسىز قەبرىگاھلىق ئارىسىدا قاقاقلايتتى. كۆزۈمنى ئىككى ئالقىنىم بىلەن ئېتىۋالساممۇ، قۇلىقىمغا ۋىژىلدىغان سانسىز يىلان، غوڭۇلدىغان ھېسابسىز چاقاق ھەرىگە تەگكەش قىلىنغان پىتنە - پاسات كۇسۇلداشلىرى، تەلۋە - مۇتتەھەملىك ۋايساشلىرى ۋە زىيانكەشلىككە يولۇققۇچىلارنىڭ پەريادلىق چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئىجابىي ھېكمەتلەر ئابىدىلىرى قانداق ھەقىقەت بولسا، سەلبىي ئىللەت جاھانناملىرىمۇ شۇنداق چىن ئىنكاس قىممىتىگە ئىگە. مېنىڭچە، «بىر چوڭ ئىللەت»— ئوخشاشلا كىشىنى سەلبىي جەھەتتە ھاياجانغا كەلتۈرىدىغان ئار - نومۇس جاھاننامىسى بولسا كېرەك.

مەن ئۇيغۇر مەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ ماكان سەتھىدە تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر - يېزىلار، سەھرا - جىلغىلار كەزدىم. ئۇنىڭ زامانىنىڭ داۋىنىدا تۇتقان ئوبرازىنى بىلىش ئۈچۈن قەدىم زاماندىن ھازىرغىچە، ھەتتا كەلگۈسى يىللارغىچە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدىم، مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدۈم. مەن بۇنى باشقىلارنىڭ بايقىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئاشقىنىڭ تەگرى بىلەن قوشۇلۇشى»دەك، ئۆز سۈبيېكتىمنى خەلقىمنىڭ ماكان - زامان قاپلاپ تۇرغان ھەقىقىي قىياپىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەندىم. دەرد ۋە ھالاۋەتلىرىم ئەنە شۇ ئۆزلۈك ئاڭ بۇلىقىدىن فونتان بولۇپ چىققان! بۇ ماڭا پوئېزىيە ھوزۇرى، ھەيكەلتىراشلىق زوقى ۋە مۇزىكا لەززىتى بولدى. ئەلۋەتتە، خەلقىمنىڭ ئالىيجاناب خىسلەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھېكمەتلىرىدىن سۆيۈنىمەن، خۇددى ئاقدىل سەبىيلەردەك ئاسمانغا تەلپۈنمىنى ئېتىپ، ۋارقىراپ سەكرىگىم كېلىدۇ. نېمە چارە، خەلقىم ئۆزىنى چىرمىۋالغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس، ئۇ خۇددى ئافىنا ئىبادەتخانىسى ئالدىدا بەتھەيۋەت يىلان ئوراپ ئالغان مويسىپىت راكۇكونغا ۋە ياكى ئاياغ تەرىپى تاش بېلىققا ئايلانغان قىزغا ئوخشاش ئۆز ئىللەتلىرى تەرىپىدىن ماتالغان. بەلكى ناتوغرىدۇ، مېنىڭچە، يىپەك يولى خارابىلاشقانلىق، بېكىنمە ئىگىلىك، گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. قېلىن تارىخىي چۆكمە ھاسىل قىلغان، مېنىڭ، ئۇنىڭ، سېنىڭ، ھەتتا ئاتا - ئانام، يېتەكچىم، قەلەمكەش ئۇستازىم، ساھىبجامال دىلبىرىمنىڭ روھىيىتىدىن ئۇلارنىڭ ئوماق پەرزەنتلىرىنىڭ روھىيىتىگە «مايلىق قۇرت» دەك ئۆمىلەپ ئۆتۈپ تۇرغان بۇ ئىللەتنى كۆرمەسلىك ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

قەدىرلىك قېرىندىشىم! «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ئەنە شۇنداق يېزىلىشقا باشلاندى.

## 2

بىپايان سوزۇلغان «يىپەك يولى» يالغۇز كېپەك ئالتۇن ياكى ئۈنچە - مارجان ئاقىدىغان قانال ئەمەس ئىدى. بۇ ۋادىدا ياشىغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ مۇقەددەس ئەرشتىن چۈشكەن ئىزگۈ خىسلەتلىك مالائىكىلار ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەردەك ئۇلارنىڭمۇ فازىل ۋە كامىل مۇقامىغا نامۇناسىپ ئىللەتلىرى بولغان. مەڭگۈ تاشلارغا يېزىلغان ھەسرەتلىك خىتابەتلەر، قارا بالغا سۇن ئوردىسىدا يۈز بەرگەن

پىتنە ۋە ساتقۇنلۇقلار، قەدىمكى ئەپسانە - چۆچەكلەردە سۆزلەنگەن ساترىك ئېپىزوتلار دەل ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى ئىدى. مەلۇم مەنىدە، بۇ خىل ئىللەتلەر باشقا مىللەت - خەلقلەر روھىيىتى ۋە تۇرمۇشىدىمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ «يىپەك يولى» مەركىزىي بەلبېغىغا خاس سەلبىيلىك ئەمەس ئىدى.

«يىپەك يولى» خارابلاشتى، گەۋدىلىك، قۇدرەتلىك، چىداملىق ۋە كەمتەر «تۆگە» ئوبرازى نەزەردىن ئۆچتى. بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن شەھەر - قەلئەلەر ئۈزۈلگەن مەرۋايىت تىزمىسىدەك چېچىلىپ كېتىشتى. بېكىنمىچىلىك، تەبىئىي ئىگىلىك، دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى، نادانلىق، نامراتلىق، جاھاندىن خەۋەرسىزلىك، ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇش، يوقىتىش، بۇزۇش قورققۇدەك ھالەتكە كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ ھالەتتە بەش ئەسىر ئۆتتى! بۇ، ھېكمەتنى خازان قىلىپ، ئىللەتنى ئۈستۈرۈش قەرنىلىرى بولدى. بۇزۇلغان مۇھىت بەش ئەسىر داۋامىدا نېمىلەرنى قىلماسلىقى مۇمكىن؟!

مانا ئەمدى مىلادىدىن كېيىنكى 2000 - يىللار ھارپىسىدا «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى! ئۇ تېخى ئۆز جامالىنى كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك جۇلالاندۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ بۇ تارىخىي جەريان باشلاندى. كىشىلەر تەبىئىي يوسۇندا يېڭى «يىپەك يولى»غا «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىنى سىمۋول قىلىشتى.

«تۆگە» ۋە «قاناتلىق تۆگە»! پەقەت سىمۋول نۇقتىسىدىن نېمىدېگەن مۇناسىپ تامغا!

ئۇنداقتا «يىپەك يولى» خارابلاشقاندىن كېيىنكى، باشقىچە ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى ئىككى سىمۋوللۇق تامغا ئارىسىدا ئۆتكەن ئەسىرلەردە خەلقىمىزدە تارىخىي مۇھىت تۈپەيلى ھاسىل بولغان روھىي ئىللەتلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلسا بولار؟

كۆپ ئويلاندىم. تۇتېم زامانىدا قوللىنىلغان رەڭمۇ رەڭ ھايۋاناتلار تۈركۈملىرىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئىبنى سىنانىڭ «كىتابۇلھايۋان» ناملىق رىسالىسىنى ئاقتۇردۇم. ئاخىرى يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرلىك روھىي ئىللەتلەرگە مۇناسىپ بىر ئىبارىنى تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ «تۆگە قۇشى روھى»دىن ئىبارەت. سىمۋول خاراكتېرلىك بۇ ئىبارە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئەسىرلەر داۋامىدا ئىپادىلەنگەن ھەممە مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈچۈن نىسپىي مەنىدە بولسىمۇ، ئەڭ مۇۋاپىق تېپىلىك تامغا بولۇشى مۇمكىن.

تۆگە قۇشى! پاھ، ئاجايىپ مەخلۇق: ئۇ تۇرنىدەك ئۇيۇشقاق رىشتىگە ئىگە بولمىغان تارقاق؛ بۈركۈتتەك قەيسەرلىكتىن خالىي بولغان قورقاق؛ ئارسلاندەك كۆكرەك كېرىدىغان غەيۇر ئەمەس، بەلكى بىرەر مۇشكۈلگە دۇچ كەلگەندە جەزىرە - توقاي ئارىلاپ دوڭغاقلاپ قېچىپ، بېشىنى قۇم بارخانلىرىغا تىقىۋالىدىغان غەلىتە مەخلۇق؛ تىنىچ كۈنلەردە قانات قېقىپ مەيدە كۆرسىتىدىغان ماختانچاق؛ قىياپىتى ياكى بۈركۈت، ياكى تۆگىگە ئوخشىمايدىغان ھايۋاندۇر.

3

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، بۇ— ئومۇمىي سەرلەۋھە، «تۆگە قۇشى روھى»، بۇ — ئومۇمىي سىمۋوللۇق تامغا. «تۆگە قۇشى روھى»غا يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان مەنىۋى ئىللەت بىرەر شەخسكە قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ ھەممىمىزنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد سەلبىيلىك ئەجدادلىرىدىن شىلەپىلىك ئەۋلادلىرىغىچە ئورتاق يۇقۇملانغان ۋە

www.uyghurkitap.com

خۇددى ئالەم تارتىش قانۇنىدەك بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىزنىڭ پەللىسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان مەنىۋى قىياپەت قىممىتى. «تۆگە قۇشى روھى» غا يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان مەنىۋى ئىللەت بىرەر شەخسنىڭ سۇبيېكت تۇقۇلمىسى، مىللەتكە چاپلىغان يالىسى، دارتىملىغان مەسخىرىسىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەر بىر تەنتەكلىك ۋە ئەسەبىيلىك روھىيىتىدىن خالىي ھالال ۋە تېرەن تەپەككۇر ئىگىلىرىگە، ئەگەر ئۇلار ئىزدىنىشنى خالىسا ئۆز روھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان سۇزۇك ئەينەك!

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» خۇددى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» داستانىدا ئېيتىلغان «شەيتان»غا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ خۇددى خوجا نەزەر ھۇۋەيدا ئېيتقانىدەك: تەگرى سۈپەتلىك ئىنسانغا مىنىۋېلىپ، ئۇنى خار-زارلىق ھەلقۇمىدا ئېگراۋاتقان ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىللەت. بۇنى بىز بىرلىكتە كۆزىتىپ چىقايلى. يىراقلىرىنى قويۇپ، سەئىدىيە دەۋرى ئوتتۇرا مەزگىلىدىن تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە تارىخىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن بەزى تىپىك ھادىسىلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقايلى:

**بىرىنچى ھېكايەت مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن پاجىئەلەر.** بۇ، ئومۇميلىق جەھەتتە، يىپەك يولى راۋان زامانلاردىكى گۇمانىستىك روھتىكى سوپىستىك پىكىر ئېقىمىنىڭ، يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئىنتىلىش روھىدىكى «ئىشانچىلىق» ئەسەبىيلىككە ئۆزگىرىشىنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان. مەن «سوپىزم» ئىبارىسى بىلەن «ئىشان» ئىبارىسىنى تارىخىي مۇھىت ۋە تەشەببۇس مەزمۇنى، پائالىيەت شەكلى بويىچە پەرقلەندۈرىمەن.

مۇرىت توپلاش، خانىقا جەمئىيەتلىرى قۇرۇش، ۋەخپە فوندلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش، ئالدامچى تەرغىباتلارنى نۇرانە ئىبارىلەر بىلەن يوپۇقداش، غوللۇق تەلۋە مۇرىت سەركەردىلىرىنى بېقىش ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە قىلىش، تۆرە - ئىشان داھىي نوپۇزىنى تىكلەش — بۇ ئۇلارنىڭ سەئىدىيە خانلىرىنى ھىمايە قىلغان شەكلىدىكى بىرىنچى قەدەملىك تارىخىي ئويۇنى بولدى. ئۇلار «ئەزىز»، «ئەزەم»، «بۇزرۇكۋار» مۇقامىدا مەنىۋى ھۆرمەت قازاندى.

ئاندىن كېيىن «ئاق تەقىيە»، «قارا تەقىيە» — ئادەتتىكى تىلدا ئاقتاغلىق، قاراتاغلىق ئىككى مەزھەپنى پەيدا قىلىشتى. بۇ يەنە بىر جەھەتتە پايتەخت يەكەن بىلەن ئاساسىي شەھەر قەشقەر (جۈملىدىن ئاتۇش) نى تەسىر دائىرىسى بويىچە بۆلۈۋېلىش، تەسىر بازىسى قۇرۇش ۋە ئۆزئارا يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىكنى نىقاب قىلىپ، ھاكىمىيەتنى سەئىدىيە خاندانلىقىدىن تارتىۋېلىشقا رەسمىي كىرىشتى. قانلىق ۋەقەلەر، توي - نىكاھتا مەزھەپ چېكى قويۇش، مۇرىت كېڭەيتىش، ھوقۇق تارتىۋېلىش ھازىرلىقلىرى كۈچەيدى. ئالدانغان ئەمما كېچىككەن سەئىدىيە سۇلتانلىرى بۇ چاغدا پۇشايمان ئىچىدە قالدى. ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىق خوجىلار بۇددىزم لامالىرى بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەھۋال ئۇرخۇن خانلىقى بىلەن قارا خانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى قىرغىز خانلىقى بىلەن قىدان خانلىرى قوشۇنىنى سىرتتىن باشلاپ كەلگەن ئەھۋالغا ئوخشىدى. خۇددى ئابدۇقادىر دامولللامنى ئەجنەبىلەر پىچىقىدا قەتل قىلىشنىڭ چوڭ ھەجىملىك

كۆرۈنۈشكە ئوخشايدىغان بۇ پاجىئەگە «ئۇلۇغ ئەۋلىيا»، «سوپى ئەزەم» ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا بەل باغلىدى. ئۇ دالاي لاما V نىڭ ئېتىكىدە يەر سۆيدى، ئۇنىڭ خېتىنى سەللىسىگە سۇركىدى، كېيىن جۇڭغار ئاقساقاللىرى ئالدىدا ئۆز قەلبىنى — جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كىرىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرىدىغان ھەربىي يۈرۈشكە تەۋەككۇل قىلىشىنى ئاشكارىلىدى. قانلىق جەڭلەر بۇ ساتقۇن «بۇزرۇكۋار» نىڭ قانلىق دەريادىكى كېمىسىنى ئالتۇن تەختكە ئۆزگەرتىۋەتتى.

ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئۇزاق ياشىمىدى، ھاكىمىيەت خانىم پادىشاھ ۋە سارالىڭ شاھزادىگە قالدى. مۇرىت ئاتامانلىرى ئارىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھاكىمىيەت نىزالىرى «چاياننىڭ چايانى يېيىشى» تىياتىرىنى ھاسىل قىلدى. خىرقىتى زارلاندى، زەللىلى يۇرتىنى تاشلاپ كەتتى، مەشرەپ سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىپ، دارغا ئېسىلدى. كىشىلەر يەنىلا خانىقا شويلىسى يالىشىپ، خانىقا ساماسىدا تەلۋە — مەجنۇن بولۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئويلىماي توپا يەپ، پاتقاق كېچىپ يۈرۈۋەردى. ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ «ئەسھا بۇلكە ھەب» سەپىرىگە چۆمۈلدەك ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەختىراۋانىنى كۆتۈرۈپ، يولدا يىقىلىپ، چۆللەردە ئوچۇق جەسەت بولۇپ قېلىشىنى «مۇقامى ئەلا» بىلىپ يۈرگەن نادانلارنىڭ قەلبىگە كۆمۈلگەن ئىللەتلىك روھىيەت ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئويلانماي ئۆتسە بولماس!

مەشرەپ مۇنداق يازدى:

«دۇنياغا كېلىبان رەنجى بالا كۆرۈپ ئۆتتۈم،
بۇ رەنجى بالا دەردىدىن ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۈم.»

بەلخ ھاكىمى مەھمۇد قوتاغان ۋە ئۇنىڭغا چېقىمچىلىق قىلغان بىر قاباھەتلىك روھ مەشرەپنى شېئىرىي ھېكمەت دىيارىدىن رىيائى دار ئارقىنىغا راۋان قىلىۋەتتى ۋە ئۆزى ساقلىنىپ كەلدى. زەللىلى ئەينى زامان جاھالىتىدىن كۆزلىرىگە ئاچچىق ياش ئېلىپ نالە قىلدى:

«بۇ پىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەپ يۈز شىرۇ ئەجدىھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس!»

4

**ئىككىنچى ھېكايەت بۇرھانىددىن خوجا يەنە بىر قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەندە لىرىك شائىر ۋە سۇلتان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى قەتل قىلىپ، تېرورلۇق يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلەردۇر.** بۇ، ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە «قاراتاغلىقلارغا زەربە بېرىش» نامىدا ئېلىپ بارغان يەنە بىر قېتىملىق بالايىئاپەتلىك قانلىق پاجىئەسى بولدى.

بۇرھانىددىن خوجا تارىخىي ماۋزۇلاردا تەتقىق قىلىنىدىغان تارىخىي شەخس. بۇ ماقالىمىز بىلەن تېماتىك ئالاقىسى يوق. ئەمما، بۇرھانىددىن خوجا ھادىسىسى بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتلەر بىلەن ھازىرلانغان ۋە رويابقا چىققان. ئۇ يالغۇز ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى ئەسەبىي تەنتەكلىك، ھاكىمىيەت ئاچكۆزلۈكى، شۆھرەتخور قانخۇمارلىق، شەپقەتسىزلىك، ساتقۇنلۇق، ئالدامچىلىق، تارىخىي ئاقىۋەتنى ئويلىماسلىق ئىللەتلىرىنىلا ئەمەس، مۇھىمى بۇ ئىللەتلەرگە مۇمكىنلىك تۇغدۇرۇپ بەرگەن ھەرقايسى قاتلام

كىشلەردىكى، ھەتتا پۈتۈن فېئودال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ ئومۇملاشقان بىر قاتار مەنىۋى جاھالەت ئامىللىرىنى بىزگە ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، شۇنداق زېمىن بولمىسا، شۇنداق چاقچاق تىكەن بولمايدۇ. قاباھەت دىۋىلىرىنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىدىغان، ئالدىنىدىغان، تېز پۈكۈدىغان روھىيەتتە. «تابۇز ئەللەزى» ھېكايىسىدە، بوياقچى كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئالىيېشىل بويىلىپ جاڭگالغا كىرگەن بىر ئېشەكنىڭ تاكى يامغۇردا يۇيۇلۇپ ئەسلى قىياپىتى ئېچىلىپ قالغىچە ھايۋانلار تۈركۈملىرى ئارىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەتلىك مەخلۇقات بولۇپ كۆرۈنگىنى سۆزلىنىدۇ. ئاڭلىسام، خەنزۇ خەلقى ھېكايىلىرىدىمۇ خۇددى شۇنداق بىر چۆچەك بار ئىكەن. مېنىڭچە، ئېشەكنىڭ بۇنچىۋالا دەھشەتلىك بولۇپ كۆرۈنگىنى ئۇنىڭ قانداقتۇر ئىلاھىي مۆجىزىگە ئېرىشكەنلىكىدىن بولماستىن، بەلكى ھايۋانلار ئارىسىدىكى ھەر قايسىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ۋە ئۆز قايغۇسىدىن ئەنسىرەيدىغان روھىي ئىللەتتىن بولغان. پاتقاق گازىدىنىمۇ ئوت چىقىدۇ - دە! بۇنداق روھ نامرات، نادان، رىشتىسى بوشاشقان خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى ئەسىرلەر داۋامىدا قورام تاشتەك بېسىپ كەلدى.

XVIII ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرى ۋە يالقۇنلۇق غەزەللىرى بۇرھانىددىن خوجا جىنايەتلىرىگە قارىتىلغان ئەبەدىيلىك لەنەتنامە بولۇپ قالدى!

**ئۈچىنچى ھېكايەت ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەر قىزىل دەريا ساھىلىگە بىر قانچە «كاللا مۇنارىسى» ياسىغانلىقى، تۆمۈرچى تەقدىم قىلغان قىلىچنى ئۇنىڭ سەبىي ئوغلىنى چاناپ سىناپ كۆرگەنلىكى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىمۇ ھاكىمىيەت مەجنۇناۋقىدا ساراڭلىققا گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدىكى پاجىئەنىڭ روھىي دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت.** بۇ ئىشلار ۋەلىخان تۆرىگە تون ياپقان، ئاتقا مىندۈرگەن، ناغرا - سۇتۇق تۈزدۈرگەن، كاللا كېسىش ئوبيېكتلىرىنى كۆرسەتكەن، كاللا مۇنارلىرىنى ياسىغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلەنگەن روھىيەت بىلەن خۇددى مەنپىي - مۇسبەتتەك بۇنىڭغا سۈكۈت قىلغان، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك «ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق» دەپ ئۆلۈپتىنى ئەجدىھا ياكى جاللات ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇدىغان تىترىگەك ياكى جان باقتى روھىيەتنىڭ ھەمدەملىكىدە مەيدانغا كەلگەن! بۇ مەنپىي - مۇسبەت روھلار خۇددى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقاندەك ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزدا ياشاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ بولمىسا كېرەك! موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئەنقا قۇشىنىڭ، تۇخۇمى جەننەتكە كىرىپ كەتتى»، بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا تۇتۇنسام «ئىككى تىللىق قەلەمنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىدا قان ئاقىدۇ» دەپ ئېغىر ھەسرەتلەنگەنىدى. تارىخ ھەققانىي سۇدىيەدەك ھەقىقەتنى سۆزلىگەن بۇ ھۆرمەتلىك تارىخشۇناسنىڭ نامىنى ساقلىدى، ئەينى زاماننىڭ قالغان ئاكابىرلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى!

**5**

**تۆتىنچى ھېكايەت بىلال نازىمنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىدىن ئېلىنغان.** داستان 40 يىل ئىلگىرى (1841) بولۇپ ئۆتكەن ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «يۈسۈپ چاڭموزا» ۋەقەسىنى 1881 - يىلى مەسنەۋىلەشتۈرۈش ئاساسىدا يېزىلغان. بىز

بۇ يەردە ـ ئۇشبۇ ئەسەردە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككى ئاساسىي سەلبىي تىپى ــ مەھمۇد پوچى بىلەن يۈسۈپ چاكموزا پېرسوناللىدا ئىپادىلەنگەن مەنىۋى ئىللەتنى نەزەردە تۇتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن قارا جەسەتلەردىن ئاللىكە كەلگەن يېڭى تۆرەلمىلەرگە «مەخرىجىنى ساقلاپ، سۈرىتىنى ئۆزگەرتىپ» ئۆتۈپ كېلىۋاتقان «ھاياتىي كۆچى»نى بىر «فىنومەفولوگىيە» (روھىي ھادىسىلەر ئىلمى) تېمىسى قىلىپ كۆزىتىشكە قىزىقىمىز. دەر ھەقىقەت، خۇددى «ئاۋستا»دا ئېيتىلغانىدەك: يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق ئىلاھى ئاخرۇمازدا قانداق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولسا، جاھالەت ۋە قاباھەت دىۋىسى ئەھرەمەنمۇ شۇنداق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولسا كېرەك.

ئالدامچىلىقنى سېھىرلىك نىقاب قىلغان قانخۇمار روھنىڭ XIX ئەسىردىكى تىپىك نامايەندىسى يۈسۈپ چاكموزا «ئات يىلى»، «سەپەر ئېيى» دا ئىلغا كېلىپ «خوجام كەلدى!» دەپ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنغان. بىلال نازىمنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، يۈسۈپ چاكموزا «خوجا» ئۇنۋانى بىلەن كەلگەندە نادان خەلق «مۇرت بولۇشقان»، ھەتتا «خوتۇن - قىزلىرىنى نىياز قىلىشقان». يۈسۈپ چاكموزا «يۈسۈپخان خوجا» ئۇنۋانىدا دەبدەبە قىلىنغانىدا «دۆلەتنەزەر شەيخ»، «باقى شەيخ» بىلەن «مەمەك» قاتارلىقلار «ئېتىقاد» قىلىپ «ئىنقىياد» (ئېتىقادسىزلىق) قىلمىغان. ئۇلار يۈسۈپ چاكموزىنى ئۆيىمۇ ئۆي مېھمان قىلىپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئىگە قىلغان. يۈسۈپ چاكموزا ئايرىم ئۆي قۇرۇپ، پەردە تارتىپ، ئۆزىنى پەردە ئارقىسىدا كۆرسىتىپ ئەۋلىيالىق شۆھرىتىگە ئېرىشكەن. شۇ چاغدا بىلال نازىمى تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىلىدا «نەۋجۇۋان»، «شېرىن زۇبان»، ياخشى سۈپەتلىك ئابدۇ شەرىف ئىسىملىك بىر كىشى بولغان. يۈسۈپ چاكموزىنىڭ ئابدۇشەرىف ئائىلىسىدىن قەرزى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلىدا بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدىن ئارامىلىق قاچقان ۋە «ئۇچ تەن» ــ ئۆز قول چومىقى دۆلەتنەزەر شەيخ، باقى شەيخ ۋە مەمەكلەر ئارقىلىق ئالدامچىلىق ئۇسۇلىدا «شەھىد» قىلغان. كېيىن كىشىلەر كۆمۈلگەن جەسەتنى ئېچىپ، «ئۈچ قاتىلنى تۇتۇپ ،باغلاپ»، «بېشىنى كېسىپ، ھالاك قىلىپ»، «چاكموزىنى تۇتۇپ كەلتۈرۈپ»، «ئىككى ئىلىكىدىن ئېسىپ»، «تىلىنى كېسىپ» ئىبرەت قىلىشقان، بىلال نازىمى ئۆز داستانىنى شادىيانەمەي ۋە ساقى نەزمىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان.

تارىخ ئۆز ئېقىمىدا كۆپلەپ ئىبرەتلىك لەۋھەلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھىدايەتۇللا ئافاق خوجا، بورھانىددىن خوجا ۋە ۋەلىخان تۆرىلەرنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا شەكىلدە ئىپادىلىگەن تەلۋىلىك - تەۋەككۇلچىلىكى بىلەن يۈسۈپ چاكموزىنىڭ يوشۇرۇن شەكىلدە يۈز بەرگەن ئالدامچىلىقى ۋە باشقىلار قولىدا قاتىللىق قىلىپ مال - مۈلۈك ھەم مۇرت توپلاش جىنايەتلىرى ھېلىقى قارا ئەرۋاھنىڭ ھەر خىل شەكىلدە ھەرىكەتلىنىش ئالاھىدىلىكلىرىنى سىزىۋېلىپ، ئالدىنىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن تىپىك ئۈلگە، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئۇنى دائىم ئەسكە ئېلىپ تۇرۇش شەرت.

**بەشىنچى ھېكايەت يەنە بىلال نازىمنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن «مەھمۇد پوچى» ئوبرازىدىكى مەنىۋى ئىللەتتىن ئىبارەت. داستاندا ھېكايە قىلىنىشىچە، XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ــ سادىر پالۋان نامى بىلەن باغلانغان خەلق ھەرىكىتىگە قوقاندىن كەلگەن**

مەھمۇد ئىسىملىك بىر تەنتەك — تەۋەككۇلچى سوقۇنۇپ كىرىۋالغان. ئۆزىنى بىلىملىك ۋە ئىش بىلەر ماھىر قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ ھىيلىگەر سۆزمەن ياغاچتا زەمبىرەك ياساپ كۆزگە كۆرۈنگەندىن كېيىن بىردىنلا سۇلتانلىق تەختىگە ئېرىشمەكنى جاھىل نىيەت قىلىدۇ. ئۇ مۆتىۋەرلەر تەركىبىنى تەھلىل قىلىپ ئاخىرى قازى نەسىرىددىن ئاخۇنلۇق، ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگ ۋە مەزەم سۇلتانلار ئارىسىغا پىتنە تېرىپ، قازى بىلەن سۇلتاننى ئالداپ، دەسلەپتە ئابدۇرۇسۇل بەگنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغانلىرىنى «ساتقۇن» نامىدا ئۆلتۈرگۈزۈپ، بىر ھەپتىلىك «ئىلى سۇلتانلىقى» تەختىگە ئولتۇرىدۇ. بىلال نازىمى مەھمۇد پوچىنىڭ مەزەم سۇلتاننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئەمىر لەشكەرنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەنلىكىنى مۇنداق يازغان:

«ئوراپ ياشىل بىر لۆڭگىنى باشىغا، بۇ مەھمۇدكى شاھقا دۇئا ئەيلەدى،
راۋان بولۇپ كىردى شاھ قاشىغا. دۇئاسىدا ھەمدۇسانا ئەيلەدى.»

مەھمۇدنىڭ پۈتۈن سۆزلىرى «ئادالەت ۋە ئىنساب» تەلەپپۇزىدا، باشقىچە ئېيتقاندا، شەيتاننىڭ مالائىكە تونىغا ئورىلىۋېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە گۈزەل ۋە مەردانە ئىبارىلار بىلەن تولغان. كىشىلەر ئۇنى «ياغاچ زەمبىرەك» ياساپ خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ چۈشىنەتتى. نەتىجىدە شائىر:

«كى ئابدۇرۇسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇس.
دىلى راست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست»

دەپ تەسۋىرلىگەن ئەمىر لەشكەر قەتل قىلىنىدۇ. «ۋەتەن - مىللەت» دەۋاسىنى قىلىپ، ئابدۇرۇسۇل بەگ قاتارلىقلارنى «خائىن - ساتقىن» دېگەن يالا بىلەن ئۆلتۈرتۈپ، ئاخىرى خانلىق تەختىگە چىققان مەھمۇد پوچىنىڭ ئەينى زاماندىكى قارشىلىقلارغا قاچقان يېرىدىن تۇتۇلۇپ، جازالانغانلىقى بىلەن شائىر بۇ ئېپىزوتنى تاماملايدۇ.

دەرۋەقە، بۇ داستان كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكت بولسىمۇ، ئۇ يىپەك يولىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈستىدە نەزەر ئاغدۇرۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر سەلبىي تىپ بىلەن بىزنى تەمىنلىگەن. گەپ مەھمۇد پوچىنىڭ ئاتا نەسەبى، بېشىدىكى يېشىل لۆڭگىسى ۋە بىر قاتار ۋەقەلىك تىزىلمىسىدا ئەمەس. ئۇلار، جۈملىدىن داستاندىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ — شەۋكەت ئاخۇن، توختى ئاخۇن ھەتتا مەزەم سۇلتانلارنىڭ ھادىس ۋە ھاسىللىرى ئاللىقاچان چىرىپ تۈگەپ بولغان. ئەمما ئىلى خەلقىنى شۇ قەدەر ئىشەندۇرۇپ ئالدىۋەتكەن بۇ قاباھەتلىك روھ خۇددى قاناتلىق ئەرۋاھتەك تارىخ ۋە تۇرمۇشتىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغىنى يوق! ئۇ يېنىمىزدا، قېنىمىزدا، ئىستەكلىرىمىزدە!...

6

يەنە نېمە ئىشلار بولدى، بىلمىدۇق، ئەيتاۋۇر ئەسىر ھالقىدۇق، XX ئەسىرگە كىرىپ كەلدۇق. بۇ ئەسىردە خەلقىمىز توقۇش ستانوكى، ئېلېكتىر كۈچى، ماتورلۇق قاتناش، سەھنە تىياتىرى، يېڭىچە مەكتەپ ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئېرىشتى. كۆك لۆڭگە - يېشىل سەللىلەر ئورنىغا شلەپە، تون چاپان ئورنىغا پەلتۇ - كاستوم ئالماشتى. قاباھەتلىك روھ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە پىسەنت قىلماي، ئاپتوموبىل گازلىرى بىلەن بىللە، ئاق - قىزىل قان دانىچىلىرى ئارىسىغا يەنە بىر قان تامچىسىدەك كىرىپ كەلدى! ئۇ جىم ياتمىدى. ئاق - قىزىل قان دانىچىلىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى!

**ئالتىنچى ھېكايەت ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ پاجىئەلىك قەتل قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت.**

ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى) ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان يېڭى ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن جاھانگىرلىك، زوراۋانلىق، نادانلىق ۋە ئىنتىپاقسىزلىققا قارشى بىر قاتار دېموكراتىك مەرىپەتچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلغان تاڭ دېرەكچىسى ـ تەپەككۇر چولپىنى ئىدى. ئۇ جاھالەت پەردىسى ئىچىدە ئەپسانىيەتچىلىك تراگېدىيىلىرى بەدىلىگە دەۋران سۈرۈۋشنى ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنى دەپ بىلىدىغان زۇلمەت زوراۋانلىرىنىڭ شېرىن چۈشىگە تاڭ چېللاپ چوقان سالدى. يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بىلەن ئەجنەبىي ئالۋاستىلار ئېگىز - بۈرۈن يالىشىپ بۇ مۆتىۋەر ماتارىپچىنى گۆرگە ئۇزاتتى. تارىخ ئالگېبرانىڭ سۈرىتى بولۇپ كۆرۈنگەن «تازىمەزۇن» بىلەن «چەتئەللىك» ۋە «يەرلىك» قارا كۈچلەر تېگىدە ھېلىقى تەلۋە روھ مەخرەج بولۇپ تۇراتتى.

ئاجايىپ قىسمەت! نۇر ۋە سايىلەر، ئىزگۈ ۋە قاباھەت، مەرىپەت ۋە جاھالەت كۈرەشىدە يەنىلا قارا سايىلەر، قاباھەتلىكلەر بىلەن جاھالەت غالىب! مەرمەر مۇنارىلار، كاھىشلىق ئېھراملار، گۈللۈك داستىخانلاردا ئوقۇلغان ئىزگۈ ئەزانلىرى، پاكلىق سۈرلىرى بىلەن ئالىيجاناب سۇخەنلەر سۇنايىنىڭ يېلىدەك پەلەككە تارقىلىپ كېتىۋەردى. لاي سۇغا چۆمۈلۈپ ئۆسكەن بۇدرۇق ۋە سەبىي باللار ئارىسىدىن يەنىلا ھېلىقى ئىككى قۇتۇپ ـ «ئىبلىس» ۋە «مالائىكىلەر» ئىككى قاشتەك ئايرىلىپ چىقىشتى. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» «سۇلايمان كوزىسىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن دىۋىدەك» بېشىمىزدا قاقاقلاپ قېلىۋەردى!

**يەتتىنچى ھېكايەت تۇرپانلىق شائىر - مەرىپەتچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى جاھالەتكە قارشى ھەققانىي تەشەببۇسلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم پاجىئە پەيدا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى.** بۇ پاجىئە توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىلا خەۋەر تاپتۇق. مەن بىر توپ قەلەمكەشلەر بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى بارغىنىمدا ئېگىز ئەگمە مەقبەرىلەر ئارىسىدا ئاياغ يولى بولاي دەپ قالغان جايىدا بىر زەمبىلچە تۇپراق تۆۋىدە يېگانە يېشىل يانتاقنىڭ تېگى بۇ ئاتەش يۈرەك قەيسەر قەلەمكەشنىڭ ئەبەتگاھى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇنى «يېشىل ئابىدە» دەپ ئاتىدىم. ئەپسۇسكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىغا ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ سوغۇق قارالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كىم نەۋجۇۋان چېغىدىلا يانتاقمۇ ئەركىن ئۆسەلمەيدىغان شورلۇق توپىغا بەنت قىلدى؟ شاھىدلار بىلەن تارىخچىلار نېمە دېسە دېسۇن، ئۇنى مەخسۇس يورۇقلۇق ۋە يۈكسەكلىك گۈل - چېچەكلىرىنى يەيدىغان ھېلىقى قاباھەتلىك ئىللەت قازا توزىقىغا تاشلىدى! ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەكس تەرىپى، ئۇ تەنقىد قىلغان رەزگى ئەرۋاھ ئۇنى يەپ كەتتى! يىللار ئۆتۈۋەردى، ئايلار تۇغۇۋەردى، تەڭگىلەر ئۇ چەندازىدىن بۇ چەندازىغا چۈشۈۋەردى، بۇنى تارىخچىلار بىلەن يازغۇچىلار چىنلىق، قانۇنىيەت دەپ يېزىپ تاماملىۋەتكەن بولۇشتى. مانا بىزمۇ يېڭى قەبرى قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى نەشر قىلدۇق. ئەمما، بەتبەخ، ئادەمخور ئەرۋاھ پۈتۈن مىللەتنى يۇتىۋەتسىمۇ تويمايدىغان ئاچكۆزلۈك، پۈتۈن زېمىننى چاڭگىلىغا سېلىۋالسىمۇ قانائەت قىلمايدىغان ئەسەبىيلىك بىلەن

www.uyghurkitap.com

يۈز - كۆزنى زامانىسىغا لايىق پەداز بىلەن بوياپ، شلەپە كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ئۆزىنىڭ ئېزىتقۇ تۇخۇملىرىنى كۆپلىرىمىزگە يېيگۈزۈۋېتتى! ئەتتەڭ، ئۇ ياشايدۇ، ھەتتا مەمەدانلىق بىلەن سورۇننى ئىگىلىۋېلىپ ھۆركىرەپ - گۈركىرەپ ياشايدۇ. چۈنكى ھازىرقى ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ تىتىلىپ تۇرغان «گەۋدىسى» دە ئۇنىڭ بازىرى، داچا ۋە كىرىمخانىلىرى بار!

7

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوق - زەمبىرەكلەر، داغدۇغىلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن تولغان بىر قاتار دېموكراتىك، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابلار بولۇپ ئۆتتى. بىلىم ۋە ئاڭ ئۇپۇقىدا خۇددى يېڭى يۇلتۇزلاردەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان پىكىر سەتىھى ئېچىلدى. يەر - ئاسماننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن روھىيىتىمىز «ئادەم باش سۆڭىكىدىن جام ياساپ مەي ئىچىدىغان بۇ مەجۇسى ئىپلاس» (ماركس سۆزى) ئەرۋاھتىن خالاس بولغانمىدۇ؟ يوق!

قەدىرلىك قېرىندىشىم! بۇ ئېچىنارلىق پاكىت. ئۇنى ھەسرەتلىنىپ بولسىمۇ ئىقرار قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇنى دانىشمەنلەر، ماتارىپشۇناسلار، ئەخلاقشۇناسلار كىتاب، ئوتتۇق، شېئىر ۋاستىلىرى بىلەن، كىنو - تىياتىرچىلار سۆز - ھەرىكەتلىك ئېپىزوتلار بىلەن تەكرار سۆكۈشتى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىمىز، ئەمما ئۇنىڭغا ئالدىنىمىز، ئۇنى پەرق ئېتەلمەيمىز. ئۇ كىم؟ ئۇ دەسلىپىدە ياكى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ھېچكىم ئەمەس. ئۇ بىر ئىللەتلىك روھىيەت. بىرەر ئوق بىلەن ئۆلۈدىغان جان ياكى بىرەر ئوكۇل بىلەن قىرىلىپ كېتىدىغان باكتېرىيە ئەمەس. ئۇ كېيىنچە بىرەر ياكى بىر قاتار شەخسلەردە تىپىك كۆرۈنۈشكە ئېرىشىشى مۇمكىن. يۇقىرىدىكى ھەسرەتلىك ھېكايەتلەردە زىكىر قىلىنغان پېرسوناژلار دەل ئۇنىڭ مەلۇم ماكان ۋە زامان چەمبىرىدىكى دىۋىلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

**سەككىزىنچى ھېكايەت تەرىقىسىدە سىزگە لېكوك ۋە ستەيىن قاتارلىق ئەجنەبىي قىدىرغۇچىلارغا يالىلانغان ئىسلام ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.** ئىسلام ئاخۇن پەقەت خوتەن - نىيە ئەتراپىدا «گۆھەر تېپىش» نامىدا بۇددىزم خارابىلىرىنى بۇزۇپ، ھەيكەللەر ئىچىدىن ئالتۇن ئىزدەش ئۈچۈن ئۇنى كوكۇم تالقان قىلىپ يۇرگەن «كېپەن ئوغرى» لىرىدىن بىرى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بۇ يىلقى 1 - سانىغا بېسىلغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» دېگەن ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئۆتكۈر سىپلىشتۇرمىلىق ئىككى پارچە سۈرەت بېرىلگەن. ئۇنىڭ بىرىدىكى، تاشكېمىر تورۇسىغا سىزىلغان قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئالىپتە كىيىنگەن مالائىكىلەردەك روھلۇق تام رەسىمى كۆزىڭىزدىن ئىپتىخار شادلىقى قوزغاپ تۇرسا كېرەك. 2 - سۈرەتتە، مىڭ ئۆي يادىكارلىقى ئالدىدا چەت ئەللىك لېكوك، گرۈنۋېدىل قاتارلىقلارنىڭ ياسىداق ۋە مەغرۇر قىياپىتى بىلەن، ئۇلارغا يالىلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ئۈچۈن بۇ بىباھا جاۋاھىراتلارنى كەتمەندە ئويۇپ بەرگەن، پاختىلىرى چىقىپ كەتكەن جۇل - جۇل كىيىم سولغۇن روھىيەت ۋە نادان قىياپەتلىك كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەت ستەيىن، لېكوكلار بىلەن بىللە قەدىمكى خارابىلەردىن ئوغرىلانغان جاۋاھىراتلارنى ئارتىپ چەت ئەلگە يۈزلەنگەن تۆگە كارۋانلىرىغا يانداشىپ چۆل كېزىۋاتقان ئۇيغۇر

چۈشۈرۈلگەن رەسىملەردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ تەنھا ھادىسە بولماستىن، 50 - يىللاردىكى ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتىدە ئىدىقۇت شەھرىدە 1000 يىللار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇددا چاسا مۇنارىلىرىنى بۇزۇۋېتىشمۇ ئۆزىنىڭ داۋامىنى كۆرسەتتى. ھەيھات، تىللاردا داستان قىلىنغۇدەك خىسلەتكە ۋە داستانلاردا تىللىنغۇدەك ئىللەتكە ئىگە مىللەت! ھېكايىنىڭ ئېيتىشىمۇ تېپىلىك يېرى، شۇ كەتمەنچىلەرنى بۇ مۇدھىش پائالىيەتكە كەنجى فېئودالىزم مۇھىتىنىڭ قاباھەتلىك دىۋىلىرى گىرىپتار قىلىشقان. بۇ قاباھەت دىۋىلىرى نادانلىق، نامراتلىق پەيدا قىلغان جاھالەتلىك تۈزۈم ۋە روھىيەتنىڭ داۋاملىق ساقلىنىشىنى جان تىكىپ قوغدايتتى. پۈتۈن نۇرانە تەشەببۇس ۋە سىمالارغا جان جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئۇلارنىڭ قاباھەتلىك ھاياتىنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىدى!

توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى ھېكايەتلەر ئېھتىمالەم تېخى قەلەم ئاستىغا ئېلىنمىغاندۇر. ئاپتورلىرىمىز خىسلەتلەرنى ھىممەت بىلەن يېزىشقا تۇتۇنغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شادىيانە پوئېزىيىلەر يېزىۋېتىپ بىردىنلا ئىنتايىن سول ياكى ئوڭ قىياپەتكە كىرىۋالغان ھېلىقى قارا ئەرۋاھ تەرىپىدىن بوغۇلۇپ قېلىشىنى كېيىنرەك سەزدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن يەنىلا ھادىسىلەرنىڭ «سۈرەت»لىرىدىن رەنجىشىپ، روھىيەت «مەخرەج»لىرىنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈشكىنى يوق!

سولچىللىق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە خۇددى تەلۋىنىڭ مەست بولغىنىدەك مۇدھىشلىق مىڭلىغان پاجىئەلەر يارىتىشتى. قاباھەت ئەرۋاھلىرى قىزىل چاپان كىيىۋېلىپ قۇيۇنتاز ساماسىغا چۈشتى. ھەممىمىز سول بولىمىز دەپ قېرىنداشلىرىمىزنى دوزاخقا ئىتتىرىشتۇق. نەتىجىدە دوزاخقا چۈشمىگىنىمىز قالمىدى! سول بولالىغىنى پەقەت ھېلىقى قارا ئەرۋاھنىڭ ئۆزىدىن باشقىسى بولمىدى! مەن يوپۇتۇپ تۇرۇپ ماجاز قىلىۋاتىمەن. ھەممىمىز ئويلىيالمىغانچە ئويلاپ كۆرەيلىچۇ، قارا ئەرۋاھ «ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق» دېگەنگە ئالدانمىدى. ئۇ بىزنىڭ كاللىمىزدىكى «جان بېقىش پەلسەپىسى» ئىدى! ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، خەلقىمىز گەۋدىسىدە «جان بېقىش» مېخانىزمى بولۇپ قالدى! خەلقىمىز ئېسىل پەزىلەت تەسۋىرلەنگەن كۆپلىگەن چۆچەكلەرنى، جۈملىدىن كۇسەن مىڭ ئۆيلىرىگە سىزىلغان «ئۆزىنى يەم قىلىپ ئاچ يولۋاس ئارسلانلىرىنى قۇتقۇزغان شاھزادە»، «قولىنى مەشئەل قىلىپ ئەل - يۇرتىنى جاھالەتتىن قۇتقۇزغان پادىشاھ»، «ئۆز قەۋمىگە كۆۋرۈك بولغان مايمۇن شاھى» ھېكايىلىرىنى دۇم كۆمتۈرۈپ قويدى!

## 8

«يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ئەمدى يۇقىرىدىكى پاجىئەلىك ھېكايەتلەر ئارقىلىق ھەممىمىز بىر نىيەتتە مۇھاكىمە قىلىدىغان ئورتاق پىكىرەن پەلسەپە ۋە تارىخىي پسىخولوگىيىلىك تېمىغا ئايلاندى. ئۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باشقىلار ئۈستىدىن نەتىجە قازىنىمەن دېگەن قارانىيەت كىشىنىگىمۇ ۋاپا قىلمىغان، بۇ قولدىن بەرگىنىنى ئۇ قولدىن، بۇ ئەۋلادقا بەرگىنىنى ئۇ ئەۋلادتىن، بۇ جەھەتتە بەرگىنىنى ئۇ جەھەتتە تارتىۋېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بېرىدىغىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا پاجىئە، زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا لەنەت تاختىسى، مىللەتكە پارچىلىنىش - نادانلىق - جاھالەت - ھالاكەت! تەنتەنە ئۇنىڭ يالدامىسى ئەمەس، ئالدامچى نىقابى بىلەن خىيالىي ئىستىكى،

خالاس. بۇ ئۇقتىدىن دەرگۇمان بولۇپ، سىناپ كۆرمەكچى بولساڭ، مەرھەمەت!

سۆزىمىز «بىر چوڭ ئىللەت» شۇمبۇيىسىنىڭ ھەر قايسى زەھەرلىك شاخلىرى ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ. چۈنكى فارابى ئېيتقاندەك، ھەرقانداق مۇرەككەپ جىسىم كۆپلىگەن تەركىبلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

دەرۋەقە، فارابى، ئىبنى سىنا، شەيخ سەئدى، قابۇس، سەئدى شىرازى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇراھمان جامى، ئەلشىر نەۋائىي، ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سەلبىي ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى — ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تاماخورلۇق، خۇشامەتكۆيلۇق، مۇناپىقلىق (ئىككى يۈزلىمىلىك)، كاززاپلىق، ھىيلىگەرلىك، پىتنىخورلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، يۇرتپەرقەۋازلىق، نامەردلىك، ساتقىنلىق، چاقتۇنلۇق، ھورۇنلۇق، تەلۋىلىك، زالىملىق، قورقۇنچاقلىق، زەھەر سۆزلۈك قاتارلىقلار دىداكتىك نەسىھەت، بەدىئىي ھېكايەت، شېئىرىي ئىبرەتلىك ۋاستىلەر بىلەن قامچىلانغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى ئېتىكىلىق - ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنمىدى. تارىخ، بولۇپمۇ روھىيەت تارىخى ئىسپاتلىدىكى، سەلبىي ئەخلاقىي ئىللەتلەر ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىكەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، سەلبىي ئەخلاقىي روھىيەت پوتېنسىياللىق ئاڭ يىلتىزىغا ئىگە بولۇپ، كىتاب ۋە ئوچۇق سورۇنلاردا بولىدىغان ئىجابىي ئەخلاقىي ئىبارىلەردەك ئۇنداق ئىجتىمائىي - مەنتىقىي ئاڭ شەكلىدىن پەرقلىنىدىكەن. «ئاغزىدا ھى - ھى قىلادۇ، كۆڭلى يامان خۇمسىلار» دېگەندىكى ئاغزىدىكى مەنتىقىي ئىبارە بىلەن كۆڭۈلدىكى - «پوتېنسىئال ئاڭ» بىر نەرسە ئەمەس. بۇنى ئاۋسترىيىلىك روھىي كېسەللەر ئالىمى فىرئودتىن ئىلگىرى، مىڭمىڭچە مىڭ يىللار ئىلگىرى كلاسسىك سوپىزم نامايەندىلىرى تىلغا ئېلىشقان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، سەلبىي ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ئوخشىمىغان زامان - ماكان - مۇھىت چەمبىرىكىدە ئوخشىمىغان «سىكىل» (تۈزۈلمە) تەشكىل قىلىپ، ئوخشىمىغان ئېتىكىلىق تارىخىي فورماتسىيە ھالىتىدە بولىدىكەن. بۇ ئوخشاش ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشىمىغان بىرىكمە ھاسىل قىلىشىغا ئوخشاش ئەھۋال.

يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى سەلبىي ئەخلاقىي ئىللەتلىرىمىزنىڭ تارىخىي شەكلى — سىكىللىق تۈزۈلمىسى قانداقتۇ؟ بۇ، بىزنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە ھېچقانداق ئېكران، مىكروسكوپ، ئېلېكترون مېڭە ياكى كىتاب سەھىپىسىدە كۆرۈنمەيدىغان يەنە بىر پىكىرەن ھېكايەت!

ھەممىگە مەلۇم، قەدىمكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن مىللىي گۇرۇھلار بىر مەزگىل تۇرمۇش كەچۈرگەن ياكى بۇ دىيارنى كېزىپ ئۆتكەن. ئەمما، پەقەت ئۇيغۇر خەلقىلا بۇ زېمىندا غوللۇق مەدەنىيەت يارىتىپ، ھەرقايسى قەلئە - قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گۈللەنگەن پارلاق يىپەك يولى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ، ياپونىيىلىك خانىدا تورۇ، خانىدا ئاكىرا قاتارلىق غەربىي دىيار مەدەنىيىتى مۇتەخەسسىسلىرى يەكۈنلىگەن ئىلمىي ھۆكۈم.

ھازىرقى تۇپ مەنىۋى پاجىئە، باشقىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى سەلبىي ئەخلاقىي روھىيەت سىكىلىنىڭ مەركىزىي ئوقى ئەنە شۇ بىر پۈتۈن ئېتنىك روھنىڭ پارچىلىنىپ،

تۆرىدىن چۆرىكىچە يۇرت‌پىسخىكىسىنىڭ ئەسىردىكە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت! بۇ، ئاددىي تىلدا يۇرتۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇرت — كىشى قەلبىدە مىللەت ۋە دۆلەت ئېڭىدىن مۇقەددەم يىلتىز تارتقان روھىي ئىرەك ۋە ئىپتىخار. بۇنى چۈشىنىشكە، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما ئۇ ئورخۇن - سېلېنگا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدەك قاغان چىقىدىغان قەبىلە (ياغلىقار)، ۋەزىر چىقىدىغان قەبىلە (ئېدىز)، ئىچكى - تاشقى قەبىلىلەرگە ئايرىلىپ كەتمەسلىكى، ھەرگىزمۇ يۇرت شەكلىنى ئالغان جامائەت پىكرى، روھىي ئالاقە ۋە سىياسىي تۈركۈمگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم! بۇ غەرب سىياسىي سەھنىلىرىدىكى پارتىيىلەرنىڭ شەكلىسىز، يەرلىك نۇسخىلىرى بولۇپ قالىدىكەن، خەلقىمىز «خوجا قوشقار»، «خوجا خوراز» نىزالىرى بىلەن «خوجا مايمۇن» ئىغۋالىرىدا تۈزۈپ كېتىدۇ!! بۇ مېنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ ئىنساب ۋە ئەقىل بىلەن ئويلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان «شېرىن زەھەر»! بۇنىڭ ئالدىنقى قەدىمى «خوجا مايمۇنلار»نىڭ ئېگىز - پەس سەكرەپ كوتۇلداشلىرىنى رەت قىلماق! مېنىڭچە، بۇ «تاروزا يۇلتۇزى» بۇزۇلغانىكەن، ئالەمدە ئادالەت ۋە پەزىلەتتىن، تۆھپىكارلىق ۋە ئىپتىخاردىن سۆز ئېچىش مۇشكۇل. تارىخ ئويغاق ۋە چەكسىز! ئۇ، ئەسىرلەر ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە خۇلاسە چىقىرىۋېلىشقا يول قويۇۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ھەقىقىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئۈتۈنىدۇ. ئۇ، كوزىچىنىڭ قولىدىكى ئەۋرىشىم لاي ئەمەس!

9

خوش، روھىي ئىللەتلەر تارىخىي فورماتسىيىسىنىڭ يىپەك يولى بۇزۇلغاندىن كېيىنكى «قارا سېكىل»ىنىڭ ئوق مەركىزىنى كۆرۈۋالدۇق. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىرايدىغان «سەييارە»لەرگە نەزەر ئاغدۇرغىدەك بولدۇق.

ئالدى بىلەن كۆزىمىزنى ئالا تاشلاپ، تۇرمۇش رەستىلىرىدە ئۇچرايدىغان سەلبىي قىياپەتلەرگە قارىۋالايلى، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا زېھىن بىلەن كۆز تىكىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

**«ياغاچ ئاياغ قاداپ، گەۋدە كۆرسىتىش»، «ئۆزىنى رامكىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈش»، «ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزگىنى چۆكتۈرۈش»، «سۇر كۆرسىتىپ، سېرىدۇۋېتىش»، «ئىتتىك قىلىچتا ئۇنى چاناپ سىناپ كۆرۈش»، «ياخاق شاكىلىغا قوڭغۇز سېلىپ، ئەپسۇن بىلەن قىمىرلىتىپ ئەۋلىيا بولۇۋېلىش»، «ئارىنى بۇزۇپ سۇلتان بولۇش»، «كېچىسى بوغۇزلىۋېتىپ، كۈندۈزى ھازىدار بولۇۋېلىش»، «بالىخانىغا چىقىرىپ، شوتىنى تارتىۋېتىش»، «ئوڭ قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سول بىقىنىغا سانجىش»، «قولىقىغا كۈسۈلداپ، غەزەپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرتۇپ ئالدۇرۇش»، «باشقا ئادەم قولىدا قەتىل قىلىپ، بىگۇناھىغا ئارتىپ قويۇش»، «خانىقا ئېشىدا مۇرت بېقىپ، سېخى ساخاۋەتچى بولۇۋېلىش»، «گۈل ئارىسىغا زەھەر يوشۇرۇش»، «سەتەڭ - سەنەم كوزىرى ئىشلىتىش»، «خوجا كۆردى بولۇۋېلىش»، «تاش ئېتىپ چىراغ چېقىش، چالما ئېتىپ مېۋە قېقىش»، «دىۋلىۋاسىنى كۆرسە مۈشۈك، مۈشۈكنى كۆرسە يولۋاس بولۇۋېلىش»، «قارىغۇنى كۆرۈۋېتىپ قىستاپ، قۇيىنىدىن گەۋھىرىنى ئېلىۋېلىش»، «يۈزى قېلىن بولۇۋېلىش»، «ھاماقەتنى توپلاپ ھاقارەتلىتىش»، «قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەش»، «يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ، يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش»، «بىر كىيىم بىلەن بىر قانچە قېتىم خوتۇن ئېلىش»، «قايتا تويلۇق ئۈچۈن قايتا ئەرگە**

www.uyghurkitap.com

تېگمۈرىش»، «غەيۋەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىش»، «تۇز يەردىن قويۇن چىقىرىش»، «گال مايلاپ گېلىنى بوغۇش»، «قۇرئان بېتىگە ساختا خەت يېزىش»، «ھۆل خىشقا دەسسىتىپ لەت قىلىش»، «سەيلىگە ئېلىپ چىقىپ، خۇپىيانە سېتىۋېتىش»، «ھەر ئىككى تەرەپكە يامان قىلىۋېتىش»، «ياغاچ قازان قىلىش»، «ماختاپ كۆپتۈرۈپ پۇپۇك، تىللاپ چۆكتۈرۈپ كۆپۈك چىقىرىش»، «كۈسۈلدىشىپ دوست بولۇش، سوكۇلدىشىپ شېرىك»، «ئوقۇتقۇچىلىقنى خار بىلىش»، «سۆلەتۋازلىق، بىكار تەلەپلىك»، «مەنسەپكە چوقۇنۇش، مەنسەپدارلىقنى غورۇر بىلىش»، «خوتۇنى قېيدىغاننىڭ! ئېرى قېيداش»، «ئاغزىدىن بەدبۇي سۆز، ھەرىكىتىدىن بەدبۇي قىلىق يېغىپ تۇرۇش»، «كۈچلۈكنى يۆلەپ، ئاجىزنى شۇلۇش»، «ھەسەتخورلۇق قىلىش»، «ئۆتكەنگە سالاۋات دېگەننى ئوتتۇز قېتىم تەگەش»، «نامەردلىك» ۋەھاكازالار. «تۇخۇمغا تاشنى توغرىلاپ تۇخۇم چېقىش» بىلەن «شاختىن - شاخقا يۆتكىلىۋېلىش» ئۇنىڭ ئىلاجسىزلىقتا ئىپادىلىگەن شەكلى بولۇپ، خەنزۇ تۇراقلىق سۆزلىرىدىكى «پەشنى قېقىپ كېتىش»كە قارىغاندا، رودۇپايدەك ناھايىتى قېلىن!

قەدىرلىك قېرىنداشىم! مېنىمۇ ئاياپ ئولتۇرماي، ئۆزىڭىزنىمۇ كۆزەتچى قىلىۋالماي يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار سەلبىي ھالەت «قېلىپلىرى»نى بىر - بىرلەپ كونكرېت تارىخىي ياكى رېئال ئېپىزوتلار بىلەن توشقۇزۇپ كۆرۈڭچۇ! بۇلار «قىمىرلىسۇن» - چىنلىق ئىقتىدارىنى كۆرسەتسۇن. ياپىرەي! قانداق بۇلغىنىش ئىچىدە ياشاپ كەلگەندىمىز — ھە! شۇنداق، مەن تېخى تولۇق «تەنزە» يايالمىدىم.

بىز مىللەتنىڭ توققۇز پەزىلىتىنى ھېكمەت مۇقامى (دەرىجىسى) غا كۆتۈرۈپ سۆزلىدۇق. بىر ئىللىتىنى ئورتاق يېرىپ كۆرۈۋاتىمىز. «پاكلىنىش» نى مەقسەت قىلغاندا تەقۋايى لىباسلارنى بىر چەتكە يىغىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ! مەنىۋى ئىللەت ھەممىمىزدە ھەر خىل ساقلانغان. «ئۆمۈر يولى يىلان يولى!» ئۇ تۈز چۈشۈق ئەمەس. ھەر كۈن دېيەلمىسەممۇ، ھەر يىل، ھېچ بولمىغاندا ھەر بىر مۆچەل بىز ئۆز - ئۆزىمىزدىن ئۆزگىرىپ بارىمىز. ئىبن سىنا سۆزىدىن پايدىلىنىپ ئېيتقاندا، ياكى ماددىي راھەت - پاراغەت (جۇملىدىن نام - شۆھرەت) نى دەپ، مەنىۋى پەزىلەتنى يوقىتىپ بارىمىز؛ ياكى مەنىۋى بايلىقنى دەپ ماددىي پاراغەتتىن چەتنەپ بارىمىز. ھەر ھالدا ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا يوقىتىش بەدىلىگە ئېرىشىمىز. مېنىڭچە، بىر خىل تۇرۇش خەتەرلىك. «پاكلىنىش» راھەت! ئۆمۈر داۋاملىق پاكلىنىشتەك بۇ مۇنەۋۋەر ھېكمەتتىن كۆپ قېتىم بەھرىمەن قىلىشقا پۇرسەت ئاتا قىلالىسا كاشكى...

## 10

مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى سەلبىي ئىللەتلەر بىر ئۇچۇر، ئۇ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى لاتقىلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ لاتقىلار ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشىمايدىغان سېكىل - تۈزۈلمىگە ئىگە چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. سەلبىي ئىللەتلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تارىخىي فورماتسىيىسى — «يۇرتۋازلىق»نى يادرو قىلغان ھالدا ئۇنى چۆرىدەپ بىر قاتار «ئويمان - دۆڭ» ، «يۇقىرى - تۆۋەن» ئىللەت تۈركۈملىرىدىن تۈزۈلمە ھاسىل قىلغان.

ئۇنىڭ «ئويمان»، «تۆۋەن»، ئاجىز، رەزگى ئىپادىلىرى مۇنداق:

«تاماخورلۇق» — ئاجىز، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي دېۋانىلىق - قاباھەتلىك نىيەت بىلەن

ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىك ئارىسىدىكى بوشاۋقىتا «تۇخۇم» تۇغۇپ تۇرغان پەسكەش ئىللەت. تەمەخورلۇق بىر خىل ئاچكۆزلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ، خاتىمىسىمۇ قۇيقۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت. تەمەخورلۇق قانائەتنى بىلمەيدىغان ئەبەدىي روھىي گادايلىقتۇر.

«خۇشامەتچىلىك» — ئاجىز، رەزگى قىياپەتتىكى روھىي تىلەمچىلىكنىڭ ھېلىگەر، قۇل — دېدەك شەكلىدىكى ئىپادىسى. خۇشامەتچىنىڭ نىيىتى تاما، پىكرى - خىيالى زوراۋانلىق. ئۇ ئالدىدا ماختاپ، ئارقىدا نامىدىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئۇ ساداقەت ۋە ساخاۋەت بىلەن نىقابلىنىۋالغان، نىقابى ئېچىلمىغان ساتقىنلىق ياكى خىيانەتكارلىقتۇر.

خۇشامەت — قۇلچىلىقنى بەجا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىدىغان بۇ ئىللەت ئۆز مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن بىردىن يەل كىرگەن شاردەك كۆچلۈك زوراۋانلىققا - باشقىلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

«ئىككى يۈزلىمىلىك» — ئاجىز تىپتىكى روھىي ئىللەتلەر جۈملىسىدىكى ھەم ئالدامچى ھەم ساتقىن خاراكتېردىكى نامەرد، جانباقتىلىق بولۇپ، بىلىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىرلىك - ھەمدەملىككە دەز كەتكۈزىدۇ. ئۇ بەشەم شەكىلدە مۇناپىقلىق، سىياسىي شەكىلدە خائىنلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئىككى يۈزلىمىلىك ئائىلىدە يۈز بەرسە، ئائىلىنى، خىزمەتتە يۈز بەرسە، يۇقىرى - تۆۋەننى، مىللەتتە يۈز بەرسە زىيالىيلار ۋە خەلق ئارىسىدىكى ھەمدەملىكنى بۇزىدۇ. ئىككى يۈزلىمىلىك بىر خىل مۇغەمبەرلىك، ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئىنسانلىققا زىت، ئىشەنچ - ئىناۋەتكە زىت.

«چېقىمخورلۇق» — تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چىنلىق ۋە ئادىللىقتىن چەتنىگەن ھالدا سۆزنى بۇرمىلاپ باشقىلارنىڭ غەزەپ يالقۇنىنى قوزغاشقا قارىتىلغان. ئۇ زىيانكەشلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى.

«ساتقىنلىق» — ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىنى، ئاندىن كېيىن دوستلىرىنى، قىسقىسى ئىلگىرى ئۆزى نەپ ئالغان، تەلىم ئالغان ئۇستاز ۋە تەربىيەچىلىرىنى بىۋاپالىق گىردابىغا تاشلاش — ئەخلاق نۇقتىسىدىن ساتقىنلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىۋاپالىق- قېرىنداشلارنى، ئۇستاز-شاگىرتلارنى، دوست - ئاغىنىلەرنى داغدا قالدۇرىدىغان دەھشەتلىك مەنىۋى ساتقىنلىق. نامەردلىك، مەرھەمەتسىزلىك، ئىچى قوتۇرلۇق، پىتنە - پاساتقا سۈكۈت قىلىش، ناھەقلىققە قارشى چىقالماسلىق — ساتقىن روھىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى.

تاماخورلۇق - خۇشامەتچىلىك - ئىككى يۈزلىمىلىك - چېقىمخورلۇق - ساتقىنلىق سەلبىي ئىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاجىز تىپ بولۇپ، خۇددى «ئورۇق ئەرۋاھ» غا ئوخشايدۇ.

ئەمدى بىز «ئويمان - دۆڭ»، «يۇقىرى - تۆۋەن» ئىللەت تۈركۈملىرىنىڭ «دۆڭ»، «يۇقىرى»، زوراۋان، بەشەم ئىپادىلىرىگە نەزەر سالايلى:

«بېسىم قىلىش»، «تەھدىت سېلىش»، «رەھىمسىزلىك»، «ئۆز سۆزلۈك»، «زالىملىق»، «كىبىر - تەمەننا» — سەلبىي ئىللەتلەر قاتارىدىكى كۈچلۈك تىپلار تۈركۈمىدىن ئىبارەت. ئۇ خۇددى «سەمرىۋالغان ئەرۋاھ»غا ئوخشاش مەغرۇر ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل «سېمىز ئەرۋاھ» ئۇ خىل «ئورۇق ئەرۋاھ» لارنى يەپ تۇرىدۇ.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، زوراۋانلىق كۈچكە تايىنىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي كۈچ ۋە ھوقۇقدارلىق كۈچىدىن ئىبارەت. دىنىي ياكى ئىلمىي نوپۇزغا تايىنىپ زومىگەرلىك قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق زوراۋانلىق «ئورۇق ئەرۋاھلار»نى قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارنى چاكىنا خۇشامەتچىلىك يولىغا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مەنسەپ — باشقۇرۇش بويىچە ھوقۇق مېخانىزمى بولۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ يالدامىسى. كىشىلەر تېخى مەنسەپدارلىقنى رەت قىلىش باسقۇچىغا يەتمىگەچكە، خېلى كۆپ كىشىلەردە مەنسەپدارلىقنى رەت قىلالماسلىق روھىيىتى ساقلانغان. بۇ، جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمدە بولىدىغان روھىيەت بولمىسىمۇ، بۇ روھىيەت خېلىلا ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەزىدە ئاشكارا رىقابەت شەكلىنى، بەزىدە يوشۇرۇن پائالىيەت شەكلىنى ئالىدۇ. سىياسىئونلۇق ھايات ئۈچۈن بۇ نورمال ھادىسە.

مەنسەپ — خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش بەدىلىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئىشەنچ. مەنسەپدار بولماسلىق روھىدا، جۈملىدىن خەلققە جاۋابكارلىق روھىدا ھوقۇق تۇتۇش بىلەن مەنپەئەتپەرەسلىك، شۆھرەتچىلىك، ھوقۇقۋازلىق روھىدا مەنسەپدار بولۇش خاراكتېر جەھەتتىنمۇ، ئاقىۋىتى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

مەنسەپ خىيالىدا خۇشامەتچىلىك، چېقىمخورلۇق بىلەن ھەپىلەشمىدىغان كىشىلەرنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە بەخت قارىشى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۇلار ھەممە ئادەم بىزدەك ئويلايدۇ، دەپ قارايدۇ، ئاڭ ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ھەر خىللىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ پارچىلىنىشى، ھەممىدە ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلاشتىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار تارىخىي جاۋابكارلىق، تارىخىي ئاقىۋەت ۋە كەلگۈسىشۇناسلىقتىن خەۋەرسىز بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئورۇق - سېمىز» ئەرۋاھ خاراكتېرلىك روھىي ئىللەتلەردىن باشقا، يەنە ئارىلىقتا بىر قانچە تۈركۈم «قېتىشما ئەرۋاھلار» — ھەر خىل سەلبىي ئىللەت تىپلىرى مەۋجۇت. «ھەسەتخورلۇق»، «ئالدامچىلىق»، «پىتنىخورلۇق»، «ئاچكۆزلۈك»، «شۆھرەتپەرەسلىك»، «سۆكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش»، «ھاماقەتلىك»، «تەنتەكلىك»، «تەلۋىلىك»، «ئەسەبىيلىك»، «ھورۇنلۇق»، «ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق» قاتارلىق ئىللەتلەر ئۇنىڭغا كىرىدۇ. بۇنىڭدىن «ھاماقەتلىك»، «ھەسەتخورلۇق»، «ھورۇنلۇق» ۋە «ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق»نى تاللاپ ئېلىپ ئايرىم توختىلىمىز.

«ھاماقەتلىك» — ئەخمەقلىقتۇر. ئۇ پۈتۈن مەنىۋى جاھالەتنىڭ ساقلىنىشى، بازار تېپىشى ئۈچۈن سانسىزلىغان قۇلاقلار پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ قەبىھلىككە نەپرەت بىلدۈرىمەن دەپ، پىتنە - ئىغۋانى ئاڭلاپلا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيلا ئاساسسىز قايناپ كېتىدۇ. «ھاماقەتلىك» — جاھالەت دۆۋىلىرى ئۈچىدىغان يەڭگىل ھاۋا بوشلۇقى.

«شۆھرەتپەرەسلىك» بىر خىل ھاماقەتلىكتۇر. پەسكەش ۋە ھاماقەت كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پەرىزات - شۆھرەتپەرەسلىك بىرىنچىدىن، سەممىيەتنى يەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، شۆھرەتپەرەس تەمكىنلىكتىن ئايرىلىپ مەمەدانە بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كۈلپەت كەلتۈرىدۇ. چوڭ تەلەپ ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن شۆھرەتپەرەس ئاخىرىدا داغدا قالىدۇ. دەرۋەقە، ئۆزىگە مۇنار تىكلەش خىيالى ئەخمەقلىقنىڭ بىر تۈرى، ئەلۋەتتە. ھاماقەتلىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ. «تەنتەكلىك» — ھاماقەت روھنىڭ ھېس - ئىدراك، پىكىر - ھەرىكەت، جۈملىدىن سۆز - ئەنزار (باھا) دىكى يەڭگىللەتەك

كۆرۈلۈشى بولۇپ، ئوخشىمىغان سەلبىي ھالەتلەردە ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. قارىسىغا سۆزلەش، باشقىلارنىڭ ئىغۋالىرى، قەسەملىرىگە ئالدىنىپ جىنايەت يولىغا مېڭىش، تەلۋە - ئەسەبىيلىككە يۈزلىنىش، قاپقانغا چۈشۈپ قېلىشلار ئۇنىڭ ئالامىتى. قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلاردىن كۆرە تەنتەكلىك بىلەن دەپىن قىلىنغانلار كۆپ.

**«ھەسەتخورلۇق» — نامەرد، كۆڭلى قارا، خىيانەتكار روھ.** ھەسەت بىلەن ۋىجدان بىللە بىر قەلبتە ياشىيالمايدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق، كىشىلەرنى پارچىلاش بىلەن ھەممىگە ئېرىشمەن دەپ يۈرگەن ھەسەتخور ئۆزى كولىغان ئازگالدا قالىدۇ. ھالبۇكى توغرا ئېيتىدۇ: «ھەسەتخور ئۆلىدۇ، ھەسەت ئۆلمەيدۇ»، ئۇنىڭ ئەرۋايى جاھىل.

**«ھورۇنلۇق» — ئېرىنچەك، بىكار تەلەپلىك مىللىتىمىزنىڭ يىپەك يولى خاراباشقان‑ دىن كېيىنكى مۇھىم بىر روھىي ئىللىتى.** مەرھۇم زۇنۇن قادىرى ئاكا ئۇنىڭ تىپىك ئوب‑ رازىنى «مەتنىياز» نامىدا ياراتقانىدى. ھازىرقى بايلىقنى ئېچىش، كۆپ قىرلىق قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىشىش، بېيىش، ئەقىل ئىقتىدارىنى ئېچىش رىقابەت ھارارىتىگە كۆتۈرۈلگەن زاماندا ھورۇن — بىكار تەلەپلىك ئۆز - ئۆزىنى خارلاشتىن، تېز ئېقىم‑ دىن چەتتە قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىكار تەلەپلىك ئۆزىگە ۋە مىللەتكە ھالاكەت تىلەپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشتۇر. راھەت كۆرۈنۈشىدىكى بۇ ئاپەت — نادانلىق، گادايلىق ۋە خارلىقنىڭ ئورۇقىنى تېرىيدۇ. بىكار تەلەپ ھورۇنلۇق ئەقىل مەشئىلى ئۆچكەن ۋە قايتا يانمىغان زېمىندىكى سېسىقتا باشلىغان تۇرغۇن سۇ! بىكار تەلەپ ھورۇنلۇقتىن لاپ ئېتىشتىن باشقا ئېپتىخار گۈلى — مەردلىك ۋە قەھرىمانلىق مەيدانىغا چىقمايدۇ

**«ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق» — زەھەرلىك چېكىملىككە، جىنسىي چىرىكلىككە بېرىلىش نۇقتىدا قىلىنغان ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشتۇر.** ياشلار، بولۇپمۇ سودا - سېتىق بىلەن بېيىۋاتقان ياش‑ لار مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. قەدىمكى يىپەك يولىنى گۈللەندۈرگۈچىلەرمۇ ياش سودا - تىجارەتچى، كارۋانچى «خوجا» ياشلار ئىدى. سودا - سانائەتچى ياشلىرىمىز مىللەتنىڭ يېڭى گەۋدىسى ۋە مىللىي ئىپپەت سارىيىنىڭ غول تۈۋرۈكلىرى بولۇشى تارىخىمىزنىڭ ئۇلاردىن كۈتۈدىغان تەلىپى. قىزلىرىمىز — مىللەتنىڭ غۇنچىلىرى، ئانا بولغۇچى مۇبارەك كىشىلىرىمىز. ئەگەر ياشلىرىمىز قىز قېرىنداشلىرىنى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بولغۇسى ئانىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ «لەززەت» ھېس قىلىدىغان بولسا، بۇ مىللەت «تۇخۇم»‑ ىدىلا بۇزۇلغان مىللەتكە ئايلانماسمۇ؟! قىزلىرىمىز پۇل ۋە زەنجىرلىك ئۆتۈكلەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىپپەت سارىيىنى تاماكا «كۇلدانى»غا ئايلاندۇرۇۋالسا، ئۇلار مۇھەببەت، ئائىلە، ئانا ۋە چوڭ ئانا بولۇشتىكى پاكلىق، مۇقەددەس ئەقىدىدىن ئىبارەت بەختكە يەنە نېمە بىلەن ئېرىشەر؟! ئائىلىلىك تۇرۇپ «ئىپپەت سېتىش ماگىزىنى»، ھەتتا گۇرۇھلاشقان «ئىپپەت سېتىش شىركىتى» ئاچقان ياش ئاياللار خەلقىمىز گەۋدىسىگە داۋالىق زەھەر قۇرتلىرى چېچىپ نېمە ھوزۇر ئالار؟! قەدىمكى گرېك ماتېماتىكى پېفاگور: «مەستلىك — ئەقىلدىن ئېزىش مەشقىدۇر» دېگەن ئىكەن. ھازىر زەھەر‑ لىك چېكىملىك ياشلىرىمىزدا بارغانسېرى ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا! خەلقنىڭ ئۈمىدى بولغان ياشلارنى بەختسىزلەر، مەھبۇسلار، سارائلار، جەسەتلەر لاگې‑ رىغا ئىتتىرمەكتە! مىللەتنى يالغۇز توپ - زەمبىرەكلا ئەمەس چېكىملىك نەيچىسى، ئىچىملىك رومكىسى بىلەن بۇزۇقچىلىقمۇ زەبۇن قىلالايدۇ! ياشلاردىن ۋە قىزلاردىن،

www.uyghurkitap.com

ياش ئايالاردىن بىر تۈركۈم قەھرىمانلارنىڭ چىقىپ، ھەممە ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەر بىلەن بۇ ئىككى «قىيامەت بورىنى» سىياقىدىكى ئىپلاس ھادىسىنى چەكلەشكە جان پىدا قىلىشلىرىنى تارىخىمىز تەقەززا قىلماقتا. مېنىڭچە، بۇنداق «چىستانى ئىلىك بىك» ۋە بۇنداق «زورو» چوقۇم چىقىدۇ!

## 11

قەدىرلىك قېرىنداشىم! بىز «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» بىلەن «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»نى بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنقىسىنىڭ ئىپتىخار ئىلھامىدا كېيىنكىسىنىڭ نومۇس ئىللىتىنى سۆكۈشىمىز، تازىلىشىمىز — بۇ ھەقىقىي «ئارىفلىق ‹ئويغانغانلىق›» ۋە ھەقىقىي «ئاشىقلىق ‹كۆيگەنلىك›»! ئويغانماي خەلقنى سۆيىمەن، دېمەكلىك بىر قۇرۇق داۋراڭ، خالاس!

مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كۆرە تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى؛ مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىك ئانالىزدىن كۆرە رېئال تۇرمۇشقا قىزغىن خەيرىخاھلىق قىلىشىنى؛ يازغۇچى - شائىر - ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان ئەسىر - ئەسىرلىك چىنلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى، ئۇلارنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پاراخوتلار بولۇشتىن كۆرە، سۇ ئاستى كېمىلىرىدەك زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى؛ بېيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولغا كىرگۈزگىنى پاخال، قولدىن بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى پايدا - زىيان مىزانى قىلىشلىرىنى؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئاشلىق، دان ۋە پولات، نېفىت ھەققىدە ئىپتىخارلىق پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە مىللەتنىڭ ئۇرۇقى، سۆڭەك - قوۋۇرغىسى، قەلبى ۋە قېنى ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى؛ ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان ياش نوتا ۋە كۆل - گىياھلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ، مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەھرەمەن دېۋىدەك ئەلپازغا ئادەتلەنگەن سەلبىي ئەرۋاھلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭ كارامەتلىرى قەلبى نۇرلانغان، روھىيىتى نۇسرەت تاپقان خەلق ئارىسىدا ئاساسلىق كۈچتىن قالىدۇ!

غايە — ئەقىدە بوھرانى يۈز بېرىۋاتقان، ھەر خىل «پوتېنسىئال ئاڭ» شەكىللىرى كەلكۈن كۆتۈرۈۋاتقان ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق — ئىنسانىيەتنىڭ كامالەت يولى بەربىر تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. ئۇ بۇلغانغان جەسەتلەرنى چەيلەپ ئىلگىرىلەيدۇ. غايە — ئەقىدە ۋە ئىزگۇ، ۋاپادارلىق چېچەكلىرى گۈللەيدۇ. «قاناتلىق تۆگە» — يېڭى يىپەك يولى روھىيىتى «تۆگە قۇشى»نىڭ ئۆزىنى مەن قاناتلىق تۆگە دەۋېلىشىغا يول قويمايدۇ.

ئۇلۇغبېك رەسەتگاھىدىن ماكرو بوشلۇققا «تېلېسكوپ» سىمان نەيچە بىلەن نەزەر تاشلاپ، توققۇز ھېكمەتنى تەرىپلەشتىن باشلانغان بۇ روھىيەت سەيلىمىز ئانتون. لېۋېنگوكنىڭ تەجرىبىخانىسىدا مىكرو دۇنياغا مىكروسكوپ بىلەن بىرقۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ چوڭ بىر ئىللەتلىك باكتېرىيىنى بايقاش بىلەن شۇنداق ئاخىرلىشىش ئالدىدا، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «سەۋدائى خاتىرىسى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىدىكى مۇنۇ مەردانە چۇقاننى تەكرارلايمىز: «ئادەم گۆشى يېمىگەنلەر بارمۇ؟ بالىلارنى قۇتقۇزۇڭلار!»

1993 - يىل 20 - يانۋار، ئۈرۈمچى




بوزۇرجمېھردىن سوراپتۇ:

— سەن بىر چاغلاردا ساسانىيلار پادىشاھى نۇشىرۋانى ئادىلنىڭ ۋەزىرى بولغانىدىڭ. ھازىر سېنىڭدىنمۇ ھەقىقەتچىرەك ۋە دانا ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئېيتقىنا، ساسانىيلار دۆلىتى نېمە سەۋەبتىن مۇنقەرز بولدى؟

— بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار، — دېدى بوزۇرجمېھر، — بىرىنچىدىن، پادىشاھلار ئەتراپىدىن دانا ۋە پازىل كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى بىلمىسىز ۋە خۇشامەتچى ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويغان؛ ئىككىنچىدىن، كۆپ ھاللاردا، ھاكىمىيەت بالاغەتكە يەتمىگەن باللار بىلەن ئاياللارنىڭ قولىغا قالغان.

※ ※ ※

بوزۇرجمېھردىن «پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدە؟» دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى بەش نەرسىدە، — دەپتۇ ئۇ سوئال سورىغۇچىغا، — بىرىنچىسى، ئىنسابلىق بولۇش، ئىككىنچىسى، دۈشمەن ئەھۋالىدىن دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، ئۈچىنچىسى، ئالىملار ۋە پەزىلەتلىكلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش، تۆتىنچىسى، ئەل-يۇرتنى ئاۋات قىلىش، بەشىنچىسى، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش.

(ئەبۇ ھامىد غەززالىنىڭ «نەسىھەت ئۇل-مۇلۇك» دېگەن ئەسىرىدىن)

※ ※ ※

بىر كۈنى ئابدۇللا تاھىرى ئاتىسىدىن: «دۆلەت سىز ۋە سىزنىڭ ئەۋلادىڭىزنىڭ قولىدا قانچىلىك ۋاقىت تۇرىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

— ئەدلۇ — ئىنساب تۇگىمىگىچە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتىسى.

※ ※ ※

ئابدۇللا تاھىرىدىن ئوغلى سوراپتۇ:

— پادىشاھلىق نېمىدىن گۇمران بولىدۇ؟

— كېچىلىرى تىنماي شاراب ئىچىپ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە نامازدىن باش كۆتۈرمەي، دۆلەت ئىشىنى ئۆزى قىلماي، بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ بولمىغان ناباب



ئادەملەرنىڭ قولىغا ئىشنى تاپشۇرۇپ قويغانلىقتىن بولىدۇ، — دەپتۇ ئابدۇللا تاھىرى.

(مۇھەممەد ئەۋفىينىڭ «جامىئۇل ـ ھېكايەت» دېگەن ئەسىرىدىن)

※ ※ ※

قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ بېشىنى سىلىماسلىق — زالىملىق، ئىستىداتى (قابىلىيىتى ـ ت) يوق ئادەمنى تەربىيىلەش—جاھىللىق.

※ ※ ※

جاھىلنىڭ ئالامىتى بەشتۇر: ئاچچىقلىنىش؛ بىھۇدە سۆزلەش؛ مەنپەئەت كۆزلىمەي تۇرۇپ بىرنەرسە بەرمەسلىك؛ ئوشۇقچە ماختىنىش؛ دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتمەسلىك.

※ ※ ※

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولساڭمۇ، سۆھبىتىدىن ئۆزۈڭنى تارت.

※ ※ ※

ئىدراكلىق، سۆزىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئۆزىدىن كىچىكلەر بىلەن خۇش مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملا دانا ئادەمدۇر.

※ ※ ※

زىننەت — ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتىگە، پىكىر —ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىغا مۇناسىپتۇر.

※ ※ ※

ئىستىداتلىق (تالانتلىق — ت) ئادەمگە قوپاللىق، قابىلىيەتسىزگە — مەنسەپ ياراشمايدۇ.

※ ※ ※

بىر ھەكىمدىن: «قانداق ئادەمنى دانىشمەن دېسە بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

— گەپنى بىلىپ سۆزلەيدىغان، تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، پەزىلەت ئارتتۇرۇش يولىدا ئېرىنمەيدىغان، مەرتىۋە ۋە مەنسەپ دەپ قاترىمايدىغان، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى تەن ئالدىغان ۋە بارلىق ھىممىتىنى كامالەت ۋە ئىدراك يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلىدىغان ئادەمنى دانىشمەن دېسە بولىدۇ، — دەپتۇ ھەكىم.

(مۇئىن جۇۋەينىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن)

※ ※ ※

ئۈچ خىل تائىپىگە ئۈچ خىل ئىش ياراشمايدۇ: پادىشاھقا — ئىنتىنكلىك؛ دانىشمەنگە — مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك؛ دۆلەتمەنگە — بېخىللىق.

※ ※ ※

پادىشاھقا يېقىن ئادەملەر تاغ چوققىسىدىكى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن، ياكى زامانىنىڭ ئۆزلۈكسىز ھادىسىلىرىدىن خۇددى تاغ جىنىسلىرىغا ئوخشاش پەسكە تاشلىنىۋېتىلىدۇ.

※ ※ ※

كىسرانىڭ مەجلىسىگە ئۈچ كىشى — رۇملۇق پەيلاسوپ، ھىندىستانلىق ھەكىم ۋە بۇزۇرجەمھىر ئىشتىراك قىلغانىدى. سۆھبەت «دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە ئۇلار تىركىشىپ قېلىشىپتۇ.

رۇملۇق پەيلاسوپ: «دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە — قېرىلىق، ماغدۇرسىزلىق ۋە كەمبەغەللىك» دەپتۇ.

ھىندىستانلىق ھەكىم: «كېسەللىك ۋە غەم ـ ئەندىشە» دەپتۇ.

بۇزۇرجەمھىر: «ئۆلۈم يېقىنلىشىپ، ھەممە ئىشتىن قالماق» دەپتۇ.

※ ※ ※

ئالىي ھىممەتلىك بىر دەرۋىش شەۋكەتلىك بىر پادىشاھنىڭ يېنىغا پات ـ پاتلا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ، پادىشاھنىڭ قوشۇمىسىنىڭ سەل تۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ ئىشنىڭ

سەۋەبىنى سىزدەپتۇ. ئۇ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ پادىشاھنىڭ قوشۇمسىنىڭ تۈرۈلۈشى ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ يېنىغا پات - پاتلا كېلىپ تۇرغانلىقىدىن بولغان، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا بارماپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى دەرۋىشنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ:

— هاي، دەرۋىش، نېمىشقا بىز بىلەن باردى -كەلدى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويدۇڭ؟ - دەپتۇ.

— مەن بېرىپ قوشۇملىرىڭنىڭ تۈرۈك تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىمدىن كۆرە، «نېمىشقا كەلمەيسەن؟» دېگەن سوراقنى ئاڭلىغىنىم ياخشى، — دەپتۇ ئۇنىڭغا دەرۋىش.

(ئابدۇراھمان جامى ھېكايەتلىرىدىن)

ئۆزبېكچە: «ئەجدادلار نەسىھەتلىرى» دېگەن كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

هاكىم مۇسا

## جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى «ئىران مۇزىكا بايرىمى» دا شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ياش مۇقامچىسى ئوسمان ئەمەت، مۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئىران مۇزىكا بايرىمى»غا قاتنىشىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزگە شەرەپ كەلتۈردى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىراننىڭ پايتەختى تېھران شەھىرىدىكى «ئازادلىق» مەيدانىنىڭ مۇزىكا زالىدا باشلانغان ئىران مۇزىكا بايرىمىغا ئون نەچچە دۆلەت، رايوننىڭ مۇزىكا ئۆمەكلىرى قاتناشتى. تۇنجى مەيدان ئويۇننى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى قويدى. ئويۇن جەريانىدا ئوسمان ئەمەت ئورۇندىغان «راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، «چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، مۇھەممەت تۇرسۇن ئورۇندىغان «مۇقام ئەجدادى»، «چارىگاھ مۇقامىنىڭ 3 - داستانى»، مەتنىياز داپ بىلەن ئورۇندىغان «مول ھوسۇل شادلىقى»، راخمانجان نەي بىلەن ئورۇندىغان «باھار» قاتارلىق مۇقام - مۇزىكىلار تاماشىبىنلارنىڭ توختىماي ياڭراتقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قايتا - قايتا ئورۇندالدى. ئويۇننى ئىران تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىران رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈن مەملىكەتكە كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. ئىراننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىمۇ ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا خەۋەر - ماقالىلەرنى باستى. مۇقام ئۆمىكى تەلەپ بويىچە تېھراندا يەنە بىر نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى.

مۇزىكا بايرىمى ئاخىرلاشقاندا ئىران مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە باھالاش كومىتېتى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكىگە شەرەپ مۇكاپاتى بەردى.

ئەمەتجان ئەھمەدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا يېتەكلەيلى





زۇنۇن باقى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال كۆز قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مەنىۋى تۇرمۇشقا بولغان تەلەپ بارغانسېرى ئاشتى. تۈرلۈك مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان مەدەنىيەت بازىرى دەل مۇشۇنداق رېئال ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ۋە ئاممىۋى ئاساستا تەدرىجىي بارلىققا كەلدى ھەمدە كۆپ خىل ۋە مول مەزمۇنلۇق بولۇشقا قاراپ راۋاجلاندى. مەملىكىتىمىزدە جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان، ناھىيە - يېزىلارغىچە

## مۇلاھىزە

تارقالغان مەدەنىيەت بازىرى قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى ۋە دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرقايسى قاتلامدىكى ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى تولۇقلاش، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، جەمئىيەتنى مەلۇم مىقداردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مەدەنىيەت بازىرىدا بىر مۇنچە پاسسىپ ئەكس تەسىرلەر پەيدا بولدى، ھەتتا تەرەققىيات جەريانىدا ئېغىر مەسىلىلەر كۆرۈلدى. ئاساسلىقى كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن بازىرىدا «سېرىق مال» يامراپ كېتىپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھال مەدەنىيەت بازىرىغا نىسبەتەن خىلمۇخىل باھا ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇڭا ماركسىزمنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت بازىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مەدەنىيەت بازىرىغا نىسبەتەن توغرا ئىلمىي قاراشنى تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىلىك باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازىرىنى نورمال ۋە ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا يېتەكلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

مەدەنىيەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار سۈپىتىدە بازارغا كىرىشى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەت قانۇنىيىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت «مەھسۇلات»لىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىشنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى تاۋار بازىرىغا ئوخشىمايدۇ. مەدەنىيەت بازىرى ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي مىزان قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى شەرت. ماركسىزملىق پەلسەپە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر بىر - بىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە باغلىنىشلىق بولىدۇ، لېكىن يەنە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىش شەيئىلەرنى تونۇشىمىزدىكى تۈپ قانۇنىيەتتۇر. مەدەنىيەت بازىرىدىكى مەدەنىيەت «مەھسۇلات»لىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت «مەھسۇلات»لىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەسىر، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. مەدەنىيەت «مەھسۇلات»لىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، لېكىن يەنە ئورتاق ئىقتىسادىي قىممەتكە، ئىدىيىۋى، ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت داۋامىدا، ئۇ، مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىستېتىك قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ، ئوبوروت ساھەسىگە كىرىش جەريانىدا يەنە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئۇ، تىجارەت بىلەن

شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ئۇنۇم كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتكە مەدەنىيەت ئۇنۇمى كەلتۈرۈشى لازىم. بۇ ئىككى خىل قىممەت، ئىككى خىل ئۇنۇم جەزمەن مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن مەدەنىيەت «مەھسۇلات»لىرى مۇرەككەپ، كۆپ ئىقتىدارلىق مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ كاپىتالىستىك مەدەنىيەت بازىرى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقى بار. كاپىتالىستىك مەدەنىيەت بازىرى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىدۇ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى قوغلىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق كاپىتالىستلار گۇرۇھى ئۈچۈن بايلىق توپلايدۇ. بۇ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەر بىزگە مەدەنىيەت تاۋارلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشتا ۋە مەدەنىيەت بازىرى ئوبوروتىدا جەزمەن ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئالىي مىزان قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ رولىدىن پايدىلانغاندا، مەدەنىيەت تاۋارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە مەدەنىيەت بازىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ، لېكىن سەللا ئېھتىيات قىلىنمىسا، جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ ۋە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىزدىن ماركسىزمنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتەك ئىلمىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھەم مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئاكتىپ رولىنى كۆرۈپ، مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ھەم مەدەنىيەت بازىرىدا ئالدىنقى بىر مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئېغىر مەسىلىلەرنى كۆرۈپ، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئېنىقلاشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش لازىم. بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى پاكلاشتۇرۇشتا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇپ مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشتا، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەتنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى فۇنكسىيىلىك تارماقلار دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىرلىكتە ئاتلىنىش، پۈتۈن جەمئىيەت مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، «قويۇۋېتىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پائال يېتەكلەش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت باشقۇرغان ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت كارخانا - كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىدىكى يېتەكلىگۈچىلىك رولى، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى كۈچەيتىشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى لازىم. مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئېنىق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە قىلىپ، قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىدىغان قىلىش كېرەك؛ مەدەنىيەت بازىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازىرىنى ماكرو جەھەتتىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇپ كونترول قىلىش كېرەك؛ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، باشقۇرۇشقا ۋە باشقۇرغۇچىلارغا دائىر قانۇن - نىزام، قائىدىلەرنى تۇرغۇزۇپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرغۇچىلارنى تايىنىدىغان قانۇنغا ۋە رىئايە قىلىدىغان قائىدىگە ئىگە قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام يۆنىلىشنى بويلاپ راۋاجلاندۇرغىلى، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

نەغمە (دۆغ بوياق رەسىم) قاھار غوپۇر سىزغان




《新疆文化》 综合性文学双月刊
（维吾尔文）

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：新疆新华印刷三厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

国内统一刊号：CN 65- 1073/1
本刊代号：58 - 22 定价：伍角

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1993 - يىل 2 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى: 0.50 يۈەن



كونا ئۆتەڭ      سەئىد مۇھەممەت روزى سىزغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com